

ئابدۇناسىر يۇنۇس ياۋايى

# سەمەندەرنىڭ ئوتى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



ئابدۇناسىر يۇنۇس ياۋايى

ئابدۇناسىر يۇنۇس ياۋايى



# سەمەندەرنىڭ ئوتى

(ھېكايىلەر)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

蝾螈之火：维吾尔文/阿布都纳斯尔·优努斯著
.—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.3
ISBN 978-7-5466-1265-2

Ⅰ.①蝾… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①短篇小说—中国—当代
—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 047689 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: گۈلنۇر ئابدۇرۇسۇل
ئابدۇۋەلى ئابدۇۋايىت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرىمان قادىر
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم
بەت ياسىغۇچى: مەرپۇغە ئوبۇل

**سەمەندەرنىڭ ئوتى**
(ھېكايىلەر)

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى № 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ لىنو سودا ئىشلىرى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230mm × 880mm 1/32 باسما تاۋىقى: 5.625
2013 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىلى 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1265 - 2
باھاسى: 18.00 يۈەن

# ئاپتور ھەققىدە

ئابدۇناسىر يۇنۇس ياۋايى 1972 ـ يىلى 20 ـ دېكابىردا يوپۇرغا ناھىيە سىيەك يېزا كاتتايلاق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 1989 ـ يىلى ئىيۇلدا قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ ئۆسۈملۈك ئاسراش كەسپىنى پۈتكۈزۈپ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدە، 1996 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلى دېكابىرغىچە يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزىسىدا خىزمەت قىلغان. 2005 ـ يىلى دېكابىردىن ھازىرغىچە يوپۇرغا ناھىيەلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىدا (قوشۇمچە ناھىيەلىك ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىش ئىشخانىسىدا) ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ 1994 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەرجىمانلىق مەخسۇس كۇرس ۋە تولۇق كۇرسىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ پۈتكۈزگەن. 2002 ـ يىلىدىن 2004 ـ يىلىغىچە سانجىدا ۋەزىپە بىلەن چېنىققان. مۇشۇ جەرياندا ئۇنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكىسىغا دائىر ئون نەچچە پارچە تەتقىقات ماقالىسى «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمى»، «شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكىسى»، «شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. 1998 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «دېھقانچىلىقتىكى يېڭى تېخنىكىلار» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان.

ئۇ 1995 ـ يىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى» (ھازىرقى «قەشقەر») ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «قەبرىگە كۆمۈلگە سىرلار» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر «چاپانشال رېستورانى»، «ياقا يۇرتتىكى ئىشلار»، «سىرلىق

ئىلاھ»، «مەڭگۈلۈك روھ»، «پىۋاخۇمار»، «نىقابلانغان سۆيگۈ»، «بىر تال قىزىل گۈل»، «ئۇنىسىز نىدالار»، «قىشلىق سۇ»، «ئەرنىڭ باغ-رى»، «سۇمبۇل چاچلىق قىز»، «قارا ئۇششۇك»، «چىرايلىق ئا-يال»، «سەۋدالىق»، «كۆك كۆزلۈك ئۈزۈك»، «ئۇ يەنىلا بالىلىرىم-نىڭ دادىسى»، «بوۋاي ۋە تۇپراق»، «دېھقانسىز دۇنيا»، «يەرنىڭ قەرزى يوق»، «خەير دۇنيا، خەير - خوش ئادەملەر»، «ئاھ، ساخاۋەت-لىك دۇنيا»، «پىنھان سىرلار»، «ئاھ، شۇ كۈنلەر»، «زېمىستاندىكى چوغ»، «بەخت ئىزدەش»، «مامۇت سەپرا»، «سەمەندەرنىڭ ئۈتى»، «ياشىسۇن يىغا»، «كونا ئۆتۈك»، «تۇندىكى سايە» قاتارلىق ئاتمىش پارچىدىن ئارتۇق پوۋېست ۋە ھېكايىسى «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «قەشقەر»، «يېڭى قاشتېشى»، «ئىلى دەرياسى»، «تۇرپان»، «قومۇل ئەدەبىياتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قا-تارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان ۋە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان.

ئۇنىڭ «ئەرنىڭ باغرى» ناملىق ھېكايىسى 2008 - يىلى، شىن-جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 17 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئە-دەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. «مامۇت سەپرا» قاتارلىق ھېكايە-لىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 2010 - يىلى سېنتەبىردە «نىقابلانغان سۆيگۈ» ناملىق تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمى قەشقەر ئۇي-غۇر نەشرىياتى، «ئابىھايات» ناملىق ئىككى قىسىملىق رومانى 2012 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ئابدۇناسىر يۈنۈس ياۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، تۇرمۇشقا يېقىن، ھېسسىياتى قويۇق، تىلى ئاددىي، راۋان، چۈشىنىشلىك ۋە يېقىشلىق. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ھازىرقى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنى، ئۇيغۇر يېزىلىرىنى، جۈملىدىن

دېھقانلار تۇرمۇشىنى پەردازسىز، چىن تەسۋىرلەپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرىنى ئىنچىكە قېزىپ ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. بۇ توپلامغا ئۇنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىك ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

ئابدۇناسىر يۇنۇس ياۋايى ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


كۆك كۆزلۈك ئۈزۈك........................1

سەۋدالىق..................................22

مامۇت سەپرا..............................57

مۇزلىغان يۈرەك.........................75

بەخت ئىزدەش...........................86

بوۋاي ۋە تۇپراق.......................104

پىۋاخۇمار..................................125

سەمەندەرنىڭ ئوتى.....................135

تۇندىكى سايە.............................155

# كۆك كۆزلۈك ئۈزۈك

نېمە بولدۇم، كۆرىمەن نېمە؟
نېچۈن يىغا قايناپدۇ مەندە؟
ئەمىنلىك بەر، روھ بىلەن جان بەر،
سۆيگۈ، مېھىر ئۇچقۇسۇن تەندە!
— خاتىرەمدىن

«ئادەم ئەڭ ئاۋۋال ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى ئۆزى قىلىشى كېرەك. ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن ئادەمنى ھېچكىم قەدىرلىمەيدۇ.»

ئۇ ماڭا مۇشۇ گەپنى يۈز قېتىملاپ، مىڭ قېتىملاپ دېگەندۇ بەلكىم، لېكىن مەن شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ شۇنچىلىك سەمىمىيلىك ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن ئەڭ پاك، ئەڭ مۇقەددەس ئىنسانىي مېھرىبانلىقى بىلەن دېگەن ئاشۇ گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەپتىكەنمەن ھەم چۈشەنگەن بولساممۇ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەپتىكەنمەن!

— سۇبھى، سىز بەك ئاق كۆڭۈل، باغرىڭىز بەك يۇمشاق، باشقىلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىسىز. بۇنداق ئادەملەر ئاسانلا باشقىلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. مەن سىزنىڭ كېيىنلىكىڭىزدىن ھەقىقەتەن ئەنسىرەيمەن. سىز بۇنداق يۇۋاشلىق، دىلى يۇمشاقلىق قىلسىڭىز، كېيىن چوقۇم پۇشايماندا قالىسىز، سۇبھى!

— ئەمىسە مېنى نېمە قىل، قانداق قىل دەيسىز! ناۋادا كېيىنچە دېگىنىڭىزدەك پۇشايماندا قالساممۇ نېمە كارىڭىز؟ ئەجەبا ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىكەنسىزۇ، ئايالىڭىزنى قويۇۋېتىپ مېنى ئالالمايدىكەنسىز، ماڭا مۇشۇنداق قۇرۇق دەبدەبىلىك گەپلەردىن باشقا يەنە نېمىلەرنى قىلىپ بېرەلەيتتىڭىز؟!

— راست. مەن سىزگە ھازىر مۇشۇنداق قۇرۇق گەپتىن باشقا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن، سۇبھى. لېكىن سىزگە خۇدا ھەق-قىدە چىن ئىخلاسىم بىلەن ھېسداشلىق قىلىمەن. سىزگە بولغان سۆيگۇ، مېھرىمنىڭ نەقەدەر مۇقەددەسلىكىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز. بىراق مەن... بىراق مەن ھازىر سىزنى دەپ ئايالىمنى قويۇۋېتەل-مەيمەن. چۈنكى ئۇ... چۈنكى ئۇ...

— چۈنكى ئۇ مېيىپ، چۈنكى ئۇ ھازىر مېيىپ بولۇپ قالدى، شۇنداقمۇ؟

— گەرچە ئۇ بۇرۇن ماڭا چىدىغۇسىز ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ مېنى قاتتىق خورلىغان، غۇرۇغۇمغا تەگكەن، ئىنسانىي ئىززەت-ھۆرمىتىم، قەدىر-قىممىتىمنى ئاياغ ئاستى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىر مېيىپ بولۇپ قالدى. ئۇ ھازىر ماڭا موھتاج، ھا-لىدىن خەۋەر ئېلىشىمغا، يېنىدا تۇرۇشىمغا موھتاج، سۇبھى!... مېنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈدىغانلىقىم بىر سىزگە، بىر خۇداغا ئايان! دەرۋەقە ئۆز ۋاقتىدا سىز كۆڭلۈم ئايالىمدىن قاتتىق ئازار يېگەن، خورلۇق تارتىپ، چىدىغۇسىز ئازابلاردىن ئەر كىشى تۇرۇپ كۆزۈمدىن قان-ياش ئاققان، تۇرمۇشتىن بەزگەن، ئادەم-لەردىن سەسكەنگەن كۈنلىرىمدە ماڭا ئەڭ پاك، ئەڭ بىغۇبار، ئەڭ ئوتلۇق مېھرىڭىزنى بەرگەن، ياشلىرىمنى سۈرتۈپ كۆڭلۈمگە تە-سەللى بەرگەن، بۇ دۇنيادىكى سۆيگۇ-ۋاپا، مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ ئۆزۈمگە، ھاياتلىققا نىسبەتەن قايتىدىن يۇكسەك دەرىجىدە ئىشەنچىمنى قوزغاپ، يۇرى-كىمدە مەڭگۇ ئۇنتۇلغۇسىز ئوتلۇق مۇھەببەت، شېرىن ئارزۇ-ئارمان، يۇكسەك ئىشەنچ-ئۈمىدنى ئويغاتقان ئىدىڭىز! شۇڭا مەن-مۇ كەسكىن ھالدا سۆيگۈڭىزنى قوبۇل قىلىپ، «ئايالىمنى قويۇۋې-تىپ سىزنى ئالىمەن، سىز ماڭا بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇردىڭىز، بىز توي قىلايلى، سۇبھى» دەپ ئوتلۇق ھاياجان بى-لەن سىزنى باغرىمغا باسقانىدىم. بەخت ۋە شادلىقتىن، ئىنسانىي

قەدىر - قىممىتىمنى تاپقانلىقىمدىن كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلگەندى... ئەپسۇسكى، مەن ئايالىمدىن ئاجرىشىپ بولغۇچە خۇدا ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆزىگە ياندۇردى! ئۇ بىر كۈنى دوستلىرى بىلەن ئولتۇرۇشقا كېتىپ، ئاق هاراق ئىچىپ مەستلىكتە موتوسىكلىت مىنىپ قاتناش هادىسىسىگە ئۇچراپ هەر ئىككى پۇتى تىزىدىنلا كېسىۋېتىلدى! ئۇ ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالدى، سۇبهى! ئەجەبا ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، مەن يەنە ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتسەم، بۇ سىزنىڭچە قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلسام ئەسكىلىك رەزىللىكتە ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشكەن بولمايدىمەن! سىز مېنى دائىم: «ئەرافات، سىز بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئوبدان، ئەڭ ۋاپادار، ئەڭ ۋىجدانلىق ئەر» دەيتتىڭىز. ئەجەبا مەن ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالغان، قىلغان - ئەتكەنلىرى ئۇچۇن كېچە - كۈندۈز قان - ياش تۆكۈپ پۇشايمان - توۋا قىلىپ مېنى بۇرۇنقى خورلۇقلىرى ئۇچۇن ئۆچ ئالامدىكىن دەپ يۈرىكى سۇ هالدا مېيىپلار هارۋىسىدا ئولتۇرۇپ تالاغا ماڭسامىلا كۆزلىرى مەندە تۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىدىغان ئاشۇ ئايالىنى قويۇۋەتسەم، مەن يەنە ئالدىڭىزدا «بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئوبدان، ئەڭ ۋاپادار، ئەڭ ۋىجدانلىق ئەر» بولالامدىم، سۇبهى! خەلقئالەم ئالدىدا، خۇدا ئالدىدا، يۈز كېلەلەمدىم، سۇبهى؟! ئىنسان هەربىر قەدىمى، هەربىر ئېغىز گېپى، هەتتاكى هەربىر تىنىقى ئۇچۇنمۇ هامان خۇدا ئالدىدا، ئەل - جامائەت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ! مەن سىزنىڭ چەكسىز پاك، ئوتلۇق سۆيگۈڭىزنى مەڭگۈ، مەڭگۈ قەدىرلەيمەن. لېكىن بۇ هالدا ئايالىمنى هەرگىز قويۇۋېتەلمەيمەن! خالىسىڭىز بىز ئۆمۈرۋايەت ئەڭ يېقىن دوست بولۇپ ئۆتەيلى. مەن سىزگە مەڭگۈلۈك بەخت ۋە ئاسايىشلىق تىلەيمەن، سۇبهى!

ئۇنىڭ شۇ گەپلەرنى دېگەن چاغدىكى ئازابلىق چىرايىنى، ئوتلۇق قوي كۆزلىرىدە لىغىلداپ تۇرغان لىقىدە ياشنى مەڭگۈ ئۇنتالمايمەن!

سۆيگۈ - مۇھەببەت شۇنداق شەخسىيەتچى بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئاشۇ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تاللىشىنىڭ، قىلغانلىرىنىڭ يۈزدەيۈز توغرىلىقىنى ئۇقۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن شۇنداق خاپا بولدۇم. ئۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق تەگدىم، ھەتتاكى تىللاپ ۋارقىرىدىم.

— سىز ئادەم ئەمەس! ۋىجدانسىز!! ئەبلەخ!!!

ئۇ يۆتكىلىپ كەتتى. تەشكىل ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ناھىيە ئىچىگە يۆتكەپ قويغانىدى. ئۇ بۇ يېزىدىن كېتىپمۇ بىر - ئىككى يىلغىچە ئۇنىڭدىن ئۈمىدىمنى زادىلا ئۈزەلمىدىم. قىزلار تۇنجى سۆيگەن — كۆڭۈل بەرگەن ئادىمىنى ئۇنداق ئاسان ئۇنتۇيالمايدىكەن. ئۇ مېنىڭ بۇ ئۆمرۈمدىكى تۇنجى كۆڭۈل بەرگەن ئادىمىم ئىدى... خىيالىمدا ئۇنى ھامان يەنىلا مېنىڭ دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ بىلەن خىيالىي سىردىشىپ، بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمنى ئويلاپ مۈك - مۈك يىغلايتتىم. ئۇنىڭ ئايرىلىش ئالدىدىكى ئاشۇ ئازابلىق چىرايىنى، كۆزلىرىدىكى لىققىدە ياشنى، ئۇنىڭغا قاتتىق تېگىپ تىللىغانلىقلىرىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، يىلاندەك تولغىنىپ كېتەتتىم. «نېمىشقا، نېمىشقا ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بەرگەندىمەن. نېمىشقا ئۇنى چۈشەنمىگەندىمەن. نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر - ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ، مېنىڭ تىللاشلىرىمسىزمۇ قان - يىرىڭغا تۇشۇپ كەتكەن ئاشۇ دەردمەن كۆڭلىگە تەسەللى بەرمىگەندىمەن» دەپ چاچلىرىمنى يۇلۇپ ھۆقۇيتۇپ يىغلاپ كېتەتتىم... «ئۇنىڭ كۆڭلى مەندىن قاتتىق ئاغرىدى. ئۇ مېنىڭدەك بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىدىن پۇشايمان قىلغانمىدۇ» دەپ كېچە - كۈندۈز ئارامسىزلىناتتىم. ئىمكان بولسا، پۇرسەت بولسا، ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ: «كەچۈرۈڭ، مېنى كەچۈرۈڭ ئەرافات، سىزگە قاتتىق تېگىپ سالدىم، مېنى كەچۈرۈڭ!» دەپ ئۇنىڭدىن مىڭلاپ، يۈز مىڭلاپ كەچۈرۈم سورىغىم كېلەتتى. بىراق! ... پۇرسەت كەتكەن، مەڭگۈ

كەلمەسكە كەتكەندى!

ئاتا ـ ئانامنىڭ زورلاشلىرى، يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرى بىلەن يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدا ئىشلەيدىغان يۇسۇپ مەمەت ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلدىم. يىگىتنىڭ دادىسى ناهىيەدە مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئانىسى ناهىيەلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەسلى يۇرتى مۇشۇ يېزىكەن.

— سىز مېنى تونۇمايسىز، لېكىن مەن سىزنى تونۇيمەن. مەن سىزگە خېلى بۇرۇندىنلا قىزىقاتتىم. سىزنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىم.

شۇنچىلىك غىدىقىم كېلىپ كېتەتتى. نېمىدېگەن قورغاق، نېمىدېگەن تېتىقسىز، نېمىدېگەن مەنىسىز گەپلەر هە ـ بۇ!... ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇراتتىم. يۇسۇپ گويا گەپلىرىم سۆھبەتكە قاتتىق تەسىر قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتەتتى.

— ئۇزۇندىن بۇيان ئوتىڭىزدا كۆيۈپ، ئىشقىڭىزدا يېنىپ... نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن ئوماقسىز، قارىڭە چاچلىرىڭىزغا، خۇددى پەرىنىڭ ئۆزى.

توي كۈنى شۇنچىلىك قاتتىق يىغلاپ كەتتىمكى، نېمىگە، كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قاتتىق يىغلىغانلىقىمنى تاكى هازىرغىچە ئۆزۈممۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن. ئىشقىلىپ، يىغامدىن ئاناممۇ، داداممۇ، ئۇكىلىرىممۇ، توي ئەھلىمۇ يىغلىشىپ كەتكەنىكەن.

«ئىنسان هەربىر قەدىمى، هەربىر ئېغىز گېپى، هەتتاكى هەربىر تىنىقى ئۈچۈنمۇ هامان خۇدا ئالدىدا، ئەل ـ جامائەت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. مەن سىزنىڭ ماڭا بولغان چەكسىز پاك، ئوتلۇق، مۇقەددەس سۆيگۈڭىزنى مەڭگۈ، مەڭگۈ قەدىرلەيمەن!»

... ئويلاپ قالاتتىم شۇ گەپلەرنى، ئەسلەپ قالاتتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ قىسقا، لېكىن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس شېرىن

كۆنلەرنى.

كۆنلىرىمىز بىر خىل سۆس، ئىلمان سۆدەك ئۆتەتتى. يۈسۈپ-نىڭ ھېچبىر ئىشى، گەپ - سۆزى، كىيىنىشى، ھەتتاكى تىنغان تىنىقىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇ كۆزلىرىمگە شۇنداق بىر ئوت-لۇق سۆيگۈ ئىچىدە تىكىلىپ قاراپ قويسىمۇ يۈرىكىم چاراسلاپ كۆيۈپ، پۈتۈن بەدىنىم شۇرۇلداپ ئېرىپ كېتەتتى. تىنىقلىرى يۈ-زىمگە تېگىپ بولغۇچە ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ ئۆزۈمنى سامادا ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. لېكىن يۈسۈپكە پەقەت رايىم يوق ئىدى. يۈسۈپنىڭ تارتقۇشلاپ سۆيۈپ كېتىشلىرى ھەتتاكى مۇشۇك يالىغانچىلىكمۇ تەسىر بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ بەدىنى بەدىنىمگە تې-گىپ كەتكۈدەك بولسا، گويا قارا قىشتا بەدىنىمگە مۇز پارچىسى تېگىپ كەتكەندەك شۈركىنىپ، تىترەپ كېتەتتىم. قىز - ئا-باللار ئۇچۇن ئەڭ ئازابلىق، ئەڭ خورلۇق ئىش، كۆڭلى چۈشمىگەن ئادەم بىلەن بىرگە ئۆتۈش بولسا كېرەك. ئەر - خوتۇنچىلىق قىل-غان كۈنلىرى ئۆزۈمنى ئۆلۈپ قالغاندەك سېزىمسىز ھېس قىلات-تىم. نەچچە، نەچچە كۈنگىچە ئىچىمدە يىغلاپ تاماقمۇ يېمەيتتىم!

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىزنىڭمۇ بىر بالىمىز بولدى. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن جىمىكى مېھرىمنى بالىغا بېرىپ، ئۆت-كەن - كەچكەن ئىشلارنى ئانچە ئويلىمايدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى ئانام تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ كېسەلخانىغا جىددىي ئالدۇرۇشقا توغرا كېلىپ قالدى. بۇ 3 - ئاي — دېھقانلار-نىڭ ئەڭ نامرات، پۇلغا تازا ئېھتىياجلىق، سېرىق تال مەزگىلى بول-غاچقا، دادامدا ئانامنى كېسەلخانىغا ئالدۇرغۇدەك ئۇنچە كۆپ پۇل يوق ئىدى.

— ئالدىن مىڭ يۈەن تاپشۇرۇڭلار، — دېدى يېزىلىق دوختۇر-خانىدىكى مەسئۇل دوختۇر. دادام ماڭا قارىدى. مەن ئانامغا قارىد-دىم. ئانام ئېشەك ھارۋىسىدا ھوشسىز ياتاتتى. ئانامنىڭ چىرايى ساماندەك سېرىق، لەۋلىرى گەز باغلىغان، كۆزلىرى مەھكەم يۇ-

مۇلغانىدى.

— مائاش كارتامنى ئەكېلىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، ئانامنى يا-تاققا جىددىي ئالمىسا بولمايدىكەن. شۇڭا جىددىي پۇل لازىم بولۇپ قالدى. بىزگە كېيىنچە يەنە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، — دېدىم ھاسراپ-ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ شاللىق سۇپىغا تىزىپ قويغان ئورۇن-كۆرپىنى قالايمىقان تاشلاپ يانپاشلاپ يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان يۇسۇپكە. يۇسۇپ ئالدىنقى يىلىلا خىزمىتىدىن قېلىپ ئۆيدە بىكار تۇرۇۋاتاتتى. مېنىڭ مائاش كارتامنى بىز توي قىلىپ بىرەر ئاي بولا-بولمايلا قېيىنئاتام ئېلىپ كەتكەنىدى.

— مائاش كارتىڭىز سىزدە تۇرسىمۇ بۇ يېزىدا يېزا ئىگىلىك بانكىسى بولمىغاندىكىن پۇل ئالالمايسىز، كارتا مەندە تۇرسۇن. پۇل لازىم بولسا ماڭا دەڭ، مەن ئېلىپ ئەۋەتىپ بېرەي، — دېگەنىدى قېيىنئاتام. مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم، ئۇن-تىنسىزلا مائاش كار-تام بىلەن كىملىكىمنى قېيىنئاتامغا ئاچىقىپ بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن مائاش كارتامنى كۆرۈپ باقمىغاندىم. مېنىڭ ئىش ھەققىم قانچىلىك، كارتامدا قانچىلىك پۇل بار، بۇنىمۇ بىلمەيت-تىم. يۈز كوي، ئەللىك كوي، ھەتتاكى ئون كوي پۇل لازىم بولۇپ قالسىمۇ چىرايىمنى سارغايتىپ يۇسۇپكە دەيتتىم. يۇسۇپ دادىسى-غا تېلېفون بېرەتتى ياكى «دادامغا ئۆزىڭىز دەڭ» دەپ ئۆيدىن چى-قىپ كېتەتتى. يېزا باشلىقلىرىنىڭ زەھەردىن ئاچچىق تىل-دەشناملىرىنى ئىشتىپ، توپا-تۇمانغا مىلىنىپ كېچە-كۈندۈز دېمەي ئىشلەپ ئالىدىغان ئۆزۈمنىڭ مائاشىنىمۇ ئۆزۈم خىرامان ئالالماي قېيىنئاتامنىڭ ئالدىغا خۇددى تونۇماس، يات بىر ئەركى-شىدىن پۇل سوراپ بارغاندەك قاتتىق تىل قىسىنچىلىق ۋە خورلۇق ئىچىدە پۇل سوراپ باراتتىم.

— پۇلنى نېمىگە ئىشلەتتىڭىز؟ — دەيتتى قېيىنئاتام كۆزلى-رىمگە گويا ھازىرلا يەۋەتكۈدەك سەت ئالىيىپ ئۇنىڭ چىرايى دەقى-قە ئىچىدە كۆمۈردەك قارىداپ، لەۋلىرى كۆلدەك كۆكىرىپ

كېتەتتى.

پۇلنى ئىشلىتىش ئورنىنى بىر ـ بىرلەپ تەپسىلىي دەيتتىم. قېيىنئاتام مەخسۇس بىز ئۈچۈن تۇتقان ھېسابات خاتىرىسىگە دې-گەنلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ يازاتتى ـ دە، بىرقانچىسىنى ماڭا قارى-تىپ تۇرۇپ جىجمۇېتەتتى.

ــ بۇنچە قىممەت پۇللۇق كىيىمنى كىيىپ نېمە قىلاتتىڭىز. يېزا دېگەندە كىيىمنىڭ قاندىقىنى كىيسىڭىز بەربىر ئوخشاش. بەدىنىڭىز ئوچۇق قالمىسىلا بولىدۇ، ھەدېسە پۇلنى بۇزماڭ!

ــ توي ـ تۆكۈنگە بۇنچە جىق قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بەش ـ ئون كويدىن بىر نېمە قىلىپ قائىدىسىنى قىلىپ بارسىڭىزلا بولىدى!

ــ ئۆيدە كۆندە گوش ـ ياغ يېمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. ئاچ قالمى-غاندىكىن بولدى، ئاددىيراق يەڭلار!

ئىچىم ئاچچىق بولۇپ كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كېتەتتى. قېيىنئاتام بەرگەن ئازغىنە پۇلنى ئېلىپ سالپىيىپ يې-نىپ كېلەتتىم.

ــ پۇلنى بۇزماي خەجلەڭلار، يوسۇۋاخۇن بىكارچى بولۇپ قال-دى، پۇل يىغىپ بىرەر ئىش قىلمىساڭلار بولمايدۇ!

دۆلەت كادىرى تۇرۇپ يېزىدىكى تەڭتۇش قىز ـ ئاياللار بىلەن ھېچ يەرگە بىللە بارالمايتتىم. ئۇچامغا «ۋاللىدە» بىر قۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ كىيەلمەيتتىم. تويدا ئالغان نەچچە قۇر كىيىممنى يۇيۇپ كىيىۋەرگەچكە، پېتى چۇشۇپ سالپىيىپ قالغان، رەڭگىمۇ ئۆچۈپ ئۆڭۈپ كەتكەنىدى. قورسىقىمىزغىمۇ ئادەتتىكى غورىگۈل، قوۋۋەتسىز تاماقلارنى يەۋەرگەچكە ئورۇقلاپ، چىرايىم تاتىرىپ بۇ-رۇنقى چىرايىمنىڭ يۈزدىن بىرىمۇ قالمىغانىدى. «سىز بەك ئاق كۆڭۈل، باغرىڭىز بەك يۇمشاق، باشقىلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كې-تىسىز، بۇنداق ئادەملەر ئاسانلا باشقىلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. كىيىنلىكىڭىزدىن ھەقىقەتەن ئەنسىرەيمەن. سىز بۇنداق

يۇۋاشلىق قىلىۋەرسىڭىز، كېيىن چوقۇم پۇشايماندا قالىسىز، سوبھى!»... ئىشلار شۇنداق بولىۋەرگەنچە ئۇنىڭ ئاشۇ گەپلىرى قۇلاق تۈۋىمدە قايتا ـ قايتا جاراڭلايتتى. مىڭ ئويلىماي دېسەممۇ ئۇنىڭ چىرايى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. «سىزنى خەلقى ئالەمنىڭ ئالدىدا ھەرگىز يەرگە قاراتمايمەن. مەن ئۆمۈرۋايەت سىزنىڭ قەدرىڭىزنى قىلىمەن، سوبھى!»... كۆزلىرىمدىن يامغۇردەك ياش ئاقاتتى. يۈرىكىم ئامبۇردا قىسقاندەك چىمىلداپ ئاغرىيتتى. ئىچىمدە گۇلخاندەك گۇرۇلدەپ ئوت كۆيەتتى.

— سىز نېمانچە ئەخمەق؟ مائاش كارتىڭىزنى نېمىشقا بۇلارغا بېرىسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ پۇلىنىمۇ بەھۇزۇر ئالالمىسىڭىز، خەجلىيەلمىسىڭىز... بۇ... — كىچىك يەڭگەم شۇنداق دەپ خاپا بولۇپ كېتەتتى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن، ئۇلار كارتىڭىز بىزدە تۇرسۇن دەۋاتسا.

— ھەي، بۇ نېمىلەر سىزنى بەك بوزەك قىپتۇ. نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بار؟ ئەسلىي ئۆزىڭىز يۇۋاش، باغرىڭىز يۇمشاق شۇ. ئايال خەق دېگەننىڭ يېنىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر زاپاس پۇل تۇرمىسا قانداق بولىدۇ؟ ھەي، سىز ئون كوي پۇلنىمۇ بۇ نېمىلەردىن بىسوراق خەجلىيەلمىسىڭىز، بولدى، بۇ ئىشنى ئۆزۈمگە قويۇۋېتىڭ، كارتىڭىزنى ھازىرلا ئېلىپ بېرىمەن!

— ياق، ياق، بولدى يەڭگە، ئۇنداق قىلمايلى، كېيىنچە...

— مۇشۇنداق كۆڭۈلچەكلىكىڭىزدىن شۇڭا سىزنى مۇشۇنداق بوزەك قىلغان گەپ. ئەجەبا بۇ ئۆيدە سىزدىن باشقا يەنە ئۈچ كېلىن بار. ئۇلارغا كارتىڭىز قېنى، بىزگە بېرىڭ، بىزدە تۇرسۇن دېيەلەمدۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، سوبھى! مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!! ئادەم ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى قىلىشى كېرەك. يامىنى كەلسە ئاجرىشىپ كېتەرسىز شۇ. بۇ ئۆينىڭ سىز شۇنچە قىلغۇدەك، ئارزۇلىغۇدەك نېمىسى بار؟ بۇنداق يۇۋاش-

لىق قىلماڭ. ئەسلىي قائىدە بويىچە كارتىڭىز سىزدە تۇرۇشى، بۇلارغا پۇل لازىم بولۇپ قالسا، سىزگە دېيىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ھازىر ئىش ئەتۇر بولۇپ قاپتۇ. سىز ھازىر ئۆزىڭىزنىڭ پۇلىنىمۇ خەقتىن سوراپ ئىشلىتىدىكەنسىز. پۇل لازىم بولسا ئۇلارغا يالۋۇرىدىكەنسىز. بۇ؟... ئېلىڭ بۇ يۈز كوي پۇلنى، يانچۇقىڭىزنىڭ ئىچكىرىسىگە سېلىپ قويۇڭ. تىرىك ئادەم دېگەننىڭ بېشىغا ھەر قىسما ئىشلارنى كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ، ئېلىڭ!

— بۇ؟...

— ئېلىڭ، سىزگە ھەقىقەتەن ئىچىم ئاغرىپ قالدى، سۇبھى!

— نېمانداق كۆندە ئېتىزلىقتىن كىرمەيدىغان دېھقان قىزلىرىدىنمۇ ئۆتە رووۇكلىشىپ كېتىسەن، سۇبھى؟ ئېيتە، بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟ بىرەر دەردىڭ بارمۇ؟ يۇسۇۋاخۇن بوزەك ئېيتەمدۇ - يا؟ دېگىنە، نېمانداق كۆندىن - كۆنگە جۇدەپ كېتىسەن؟

— ھېچ... ھېچنېمە بولمىدىم ئانا، ئۆزىچە...

— قارىغىنا كىيىۋالغان كىيىملىرىڭگە، ئۆڭۈپ رەڭگىمۇ قالماپتۇ. بىرەر قۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ كىيسەڭ بولمامدۇ؟ پۇلۇڭ يوقمۇ - يا؟ ھەر ئايلىق مائاشىڭدىن بىرەر يۈز كويدىن ئايرىپ قويۇپ كىيىم ئېلىپ كىي. سەن دېگەن مۇئەللىم، بۇنداق يۈرسەڭ بولمايدۇ!

— ماقۇل، ماقۇل ئانا. ئەمدى شۇنداق قىلىمەن. بۇنىڭدىن بۇرۇن بالا باقىمەن دەپ شۇ...

بۇنىڭدىن باشقا نېمە دەيمەن؟ «ئاھ» دېسەملا ئاغزىمدىن، كۆزۈمدىن، ھىد - تىنىقىمدىن تۆكۈلۈشكە تەييار تۇرىدىغان لىپمۇلىق دەردى - پىغانىمنى دېيىشىم كېرەكمۇ؟ مېنى قارا تۇپراق ئاستىدىن نان تېپىپ بېرىپ، مېڭىبىر جاپا - مۇشكۈلات بىلەن يىگىرمە يىل باققان، جىمىكى تەئەللۇقاتىنى سېتىپ ئوقۇتۇپ مۇئەللىم قىلغان مۇشۇ جاپاكەش، دەردمەن، ئۆز دەردىنى تارتىپ بولالمايۋاتقان ئانامغا بۇ گەپلەرنى دەپ تېخىمۇ ئازابلىشىم كېرەك-

مۇ؟ ياق، ياق! ئانام بۇ ئازابلارنى كۆتۈرەلمەيدۇ، بۇ ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. كۆز قارىچۇقىدىنمۇ بەكرەك ئەتىۋارلايدىغان مەندەك بىر ئەزىز قىزىنىڭ بۇنداق ئازاب - خورلۇق تارتىۋاتقانلىقىنى بىلسە، ئانام ھەرگىز چىداپ تۇرالمايدۇ!

يۇسۇپ گويا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك پەرۋاسىزلا ئولتۇراتتى.

— گېپىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ بېرىپ مائاش كارتامنى ئەكېلىڭ، ئانامنى جىددىي ياتاققا ئالمىسا بولمايدىكەن!

— ياتاققا ئالسا ئېلىنىۋەرمەمدۇ. شۇنچە كۆپ يەر تېرىپ ياتاققا تۆلىگۈدەك پۇل يىغماپتىكەنمۇ؟

— يەر تېرىغان دېھقانىنىڭ ھالىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈۋاتىسىزغۇ، نېمانداق...

— پۇل يوقكەن، كارتىڭىزدا بىر پۇڭمۇ پۇل يوقكەن، ئالدىنقى كۈنى دادام ماڭا شۇنداق دېدى.

— نېمە؟ كارتامدا پۇل يوقمىكەن؟ بۇ... بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ ھەر ئايدا ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ يەتتە - سەككىز يۈز كويدىن پۇل قالسىمۇ، بۇ كەمگىچە نەچچە پۇل بولىدۇ؟

— سەن خەجلىگەن پۇلۇڭنى ھېسابلىمىغان بىلەن دادام بىرمۇ بىر يېزىپ مېڭىپتىكەن. كارتاڭدا بىر پۇڭمۇ پۇل قالماپتۇ!

«مەن سىزنىڭ كېيىنلىكىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن، سۇبھى. سىز بۇنداق يۇۋاشلىق قىلىۋەرسىڭىز، كېيىن چوقۇم پۇشايماندا قالىسىز!» ئۆيىنىڭ تۆت تېمىدىن، ئىشىك - تۆڭلۈكتىن، جىمىكى كائىناتتىن مانا شۇ ئاۋاز جاراڭلايتتى. دەقىقە ئىچىدە كۆز ئالدىمغا ئۇنىڭ ئاشۇ ئوتلۇق سىماسى كېلىپ يۈرىكىم ۋازىلداپ ئېچىشقاندەك بولدى - دە، كۆزلىرىمدىن ئوقتەك ياش ئاقتى.

قوشنا - قولۇملاردىن، خىزمەتداشلىرىمدىن قەرز ئېلىپ يۈرۈپ ئانامنى يېزىلىق دوختۇرخانىغا ياتاققا ئالدۇردۇق.

— كېسىلىنى تازا ئېنىقلىيالمىدۇق، ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا

ئاپىرىپ بېقىڭلار، — دېدى مەسئۇل دوختۇر ئۈچ كۈندىن كېيىن بېشىنى قاشلاپ. ئانامنىڭ ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. چىرايى سارغىيىپ، لەۋلىرى گەز باغلاپ، كۆزلىرى گۆردەك ئولتۇرۇشۇپلا كەتتى. بىچارە دادامنىڭ تۇرۇقىغا قارىسامغۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي تۆكۈلۈپ يىغلاپلا كېتەتتىم.

مەندە ئەمدى كۆز قويارغا يەر قالمىغانىدى. يۈسۈپنىڭ تۇرۇقى شۇ. قېيىنئاتامنىڭ ئەھۋالى ئۇ. ئىچىمگە زەھەردەك ئاچچىق ئازاب توشۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۆيگە كىرىپ تويلۇق ساندۇقۇمنى ئاچتىم - دە، تويۇمغا ئالغان بار - يوقى بىر تال ئالتۇن زەنجىر بىلەن بىر جۈپ بىلەزۈكنى يانچۇقۇمغا سېلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز يۈرىكىم شىددەت بىلەن گۈپۈلدەپ كەتتى. ساندۇقۇمنىڭ ئاستىدا كىچىكىمدىكى — مەن توي قىلىشتىن بۇرۇنقى كىيىم - كېچەكلىرىمنىڭ ئارىسىدا ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ماڭا سوۋغا قىلغان بىر تال كۆك ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك بار ئىدى... خۇددى ساق ئادەم ئوغرىلىق قىلىۋاتقاندەك بەدىنىمدىن سوغۇق تەر چىقىپ، پۈتۈن بەدىنىم جالاقلاپ تىترەيتتى. ئىشىككە قورقۇپ، چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇپ ئۈزۈكنى قولۇمغا ئالدىم. كۆز ئالدىمدا كۆك ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك. پۈتكۈل تۇرۇقىدىن ھەقىقىي ئەركەكلىك ۋە چەكسىز مېھىر يېغىپ تۇرىدىغان ئوتلۇق بىر سىيما!

«مەن سىزنىڭ ماڭا بولغان چەكسىز پاك، ئوتلۇق سۆيگىڭىزنى مەڭگۈ، مەڭگۈ قەدىرلەيمەن، سۇبھى!»

ناھىيەگە بېرىپ ئوتتۇرا بازاردىكى زەرگەرچىلىك دۇكىنىدا ئالتۇن زەنجىر بىلەن بىر جۈپ بىلەزۈكنى ئۈچ مىڭ يۈەنگە ئىتتىكلا سېتىۋەتتىم. كۆك ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى قولۇمغا ئېلىپلا بەزگەك بولغان ئادەمدەك جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم. مېڭە - نېرىپلىرىم ئېتىلىپ كەتكۈدەك چىڭقىلىپ كۆزلىرىمگە قىزىللىق تىقىلىپ كەتتى. پۈتكۈل كائىناتتىن: «ساتما، بۇ ئۈزۈكنى ساتما! ساتما!» دېگەن بىر غايىب نىدا جاراڭلايتتى.

— بۇ ئۆزۈكنىمۇ ساتامتىڭىز؟ ۋاھ، بۇ نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن ئۇستىلىق بىلەن سوقۇلغان سىپتا ئۆزۈك ـ ھە؟ ھەـ ھەقىقىي قەشقەر ئۆزۈكىكەن. بۇ ئۆزۈكنى ساتسىڭىز ئىككى مىڭ كوي بېرەي.

ئېسىمگە كەلسەم قولۇمدىكى كۆك كۆزلۈك ئۆزۈك زەرگەرنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ. «ئانىڭىزنى ياتاقتا ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ بەش مىڭ كوي پۇل تېپىڭ. جىددىي ئوپېراتسىيە قىلمىساق ھاياـ تىغا خەۋپ يېتىدۇ...»

— كېيىن پۇل تېپىپ كەلسەم، بۇ ئۆزۈكنى يەنە ماڭا سېتىپ بېرەلەمسىز؟ — بۇ گەپنى ئۆزۈمگە دېدىممۇ ياكى زەرگەرگە دېدىممۇ — بىلمەيتتىم. ئىشقىلىپ، زەرگەر ئۇستام يەنە ئىككى مىڭ كوي پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزدى.

«باغرىڭىز بەك يۇمشاق، سىز بەك ئاق كۆڭۈل، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى بەك ئايايسىز، مەن سىزنىڭ كېيىنلىكىڭىزدىن بەك ئەنسىرەيمەن، سۆبھى!»

«نېمە كارىڭىز؟ مېنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىم بىلەن سىزنىڭ نېمە كارىڭىز؟!»

«مەن سىزنىڭ ماڭا بولغان چەكسىز پاك، ئوتلۇق سۆيگۈڭىزنى مەڭگۈ قەدىرلەيمەن، سىزنى ئۆمۈرۋايەت قەدىرلەيمەن، سۆبھى!»

«سىز ئادەم ئەمەس! ۋىجدانسىز! ئەبلەخ!!!»

ھاۋا تۇمانلىق بولۇپ خېلىلا سوغۇق ئىدى. گەدەن قورۇيدىغان يېقىمسىز سوغۇق شامال توپا ـ تۇمانلارنى ئۇچۇراتتى. قەلبىم گوـ يا مۇشۇ ھاۋادەك تۇتۇق، يۈرىكىم مۇشۇ شامالدەك سوغۇق ئىدى. «ئادەم تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدىكەن، سۆبھى. مۇنداق ئادەم بىلەن توي قىلىمەن، بۇنداق ئادەم بىلەن توي قىلمايـ مەن دېگىلى بولمايدىكەن. ئادەمنىڭ خۇي ـ پەيلى ئوخشاش بولمايـ

دىكەن، ئالىسى ئىچىدە بولىدىكەن. مەنمۇ تۇرمۇشتا بۇنداق ئۆۋال- چىلىق تارتىپ بۇنچە ئازابقا دۇچار بولۇشۇمنى ھەرگىز ئويلاپ باق- مىغاندىم. ئالىيە مېنىڭ باشلىقىمنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ بىز توي قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنچە خۇيلۇق ئەمەس ئىدى. بىراق بىز توي قىد- لىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا بەك كۆپ ئەسكىلىك قىلدى. يول- دىن چىقتى. ھە دېسە: سېنىڭ بۇگۇنكى كۇنۇڭ دادامنىڭ شاپائى- تىدىن بولغان. بولمىسا سەندەك نېمىگە بۇنداق ئورۇن نەدە تۇرۇپ- تۇ، دەپ دادىسىنىڭ ھوقۇقىنى پەش قىلاتتى. كۇندە دېگۇدەك تۈر- لۈك ئولتۇرۇشقا چىقىپ كېتىپ ئۆيدە ئولتۇرمايتتى. تېخى ئاۋۋال قىزىل ھاراق ئىچىپ ئاندىن ئاق ھاراققا ئۆگىنىۋالدى!... مەن ئۆيدىن، ئالىيەدىن قاتتىق زېرىكىپ كەتتىم، سۇبھى! ئەگەر سىز بىلەن تونۇشۇپ قالمىغان بولسام، بۇ كەمگىچە ھاياتتىنمۇ زېرىك- كەن بولاتتىم. سىز ماڭا بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، ئىنسانلار ئا- رىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى ھېس قىلدۇردىڭىز. ماڭا ئىشەنچ، ئۈمىد ئاتا قىلدىڭىز، سۇبھى. مەن سىزنى ئۆمۈرۋايەت قەدىرلەي- مەن...»

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتتى. ئانامنىڭ كېسىلىمۇ ئېنىقلىنىپ مۇنتىزىم داۋالاش باسقۇچىغا كىردى. مەن بۇ جەريانىدا قېيىنئاتام- نىڭ ئۆيى بىلەن دوختۇرخانا ئارىلىقىدىلا يۈردۈم. قېيىنئاتاملار ئانامنىڭ ياتاقتا يېتىپ قالغانلىقىنى بىلدىيۇ، بىر قېتىم رەسمىد- يەت ئۈچۈن كىرىپلا ئەھۋال سوراپ قويغاندىن باشقا ئىككىنچى قېتىم يوقلاپ قويمىدى. پۇل توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىپمۇ قويمىدى. مەن تېخىچە يۇسۇپنىڭ ھېلىقى گېپىگە، كارتامدا بىر پۇڭمۇ پۇل يوقلۇقىغا زادىلا ئىشەنمەيتتىم. ئىككى - ئۈچ يىل دېگەندە مېنىڭ ھېسابىمچە بولغاندا كارتامدا يىگىرمە مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن ھەرقانچە يۇۋاش، ھەرقانچە دۆت بولساممۇ بۇنچىلىك ھېساباتنى بىلگۈچىلىكىم بار ئىدى. لېكىن

قېيىنئاتاملار بۇ توغرۇلۇق زادىلا ئېغىز ئاچقىلى ئۇنىمىدى.
— پۇلنى بوزماي خەجلەڭلار، ئىقتىساد قىلىڭلار دېسەم گې-پىمنى ئاڭلىمىدىڭلار. مانا مۇشۇنداق پۇل لازىم بولاتتى ئەمەس-مۇ؟ — دېدى قېيىنئاتام تاماق يەپ ئولتۇرۇپ قاپىقىنى تۈرۈپ. گېلىم غىققىدە بولدى. ئۆزۈمچە ئىچىم گورۇلدەپ كۆيۈپ، كۆزلى-رىمگە غىلىلدە يىغا يامىشىپ كەتتى.
— پۇلنىڭ بۇنچە مۇھىملىقىنى بىلمەي قاپتىمەن، قېيىنئاتا، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي! — تۇنجى قېتىم قېيىنئاتامنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلىپ شۇنداق دېدىم. ئاۋازىممۇ زەردىلىك، جىڭراق چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، قېيىنئاتام ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.
— مەن دېمىدىممۇ كېيىن پۇشايمان قىلىسىز دەپ. بۇ خەق ھىيلىگەرلىكتە مايمۇننىمۇ ئۇسسۇلغا سېلىپ، تۈلكىنىمۇ ھەيرەت-تە قالدۇرالايدۇ. سىز ھەر ئايدا جىق خەجلىگەن بولسىڭىز، ئىك-كى ـ ئۈچ يۈز كويدىن خەجلىگەنسىز، قالغىنى كارتىدا قېلىۋەر-سە، بۇ كەمگە كارتىڭىزدا يىگىرمە مىڭ كويدىن ئارتۇق پۇل يى-غىلمامدۇ! ئەجەبا سىز بۇ نېمىلەرنىڭ سېتىۋالغان قولىمۇ؟ ئانىسى كېسەل بولۇپ قالسا، يېنىدىن ئىككى ـ ئۈچ مىڭ كوي پۇل چى-قىرىپ داۋالىتالمىغان ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنداق ئا-دەمنىڭ ياشىغىنىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئالتۇن زەنجىرىڭىز بىلەن بىر جۈپ بىلەزۈكىڭىزنى سېتىپسىز. بۇ خەقنى شۇ نېمىلىرىڭىز-نى قېنى دەپ سورىمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق دەپ سوراپ قالسا، سىز نېمە دەيسىز؟ ... سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ. بەكلا ئىچىم ئاغرىيدۇ، سۇبھى. سىز نېمىشقا مۇشۇنداق يۇۋاشلىق قىلىۋېرىسىز؟ ئەجەبا ئاجرىشىپ كېتىشتىن، ئۇنىڭ سىزنى قويۇ-ۋېتىشىدىن شۇنچە قورقامسىز؟!... ھازىرقى تۇرقىڭىزغا قارىسام مېنى يىغا تۇتۇپ كېتىدۇ. يېڭى توي قىلغان چاغدىكى ئاشۇ گۈل-دەك چىرايىڭىزنىڭ ئىزناسىمۇ يوق! سىز تېخى بۇنچە بولۇپ كەت-

كۆدەك ياشتا ئەمەسقۇ، سۇبھى! سىز تېخى ئەمدى يىگىرمە تۆت ياشقا كىردىڭىزغۇ! ... — كىچىك يەڭگەم مۇئەللىمە ئىدى. ئۇ كى-چىككىنە ناھەقچىلىككىمۇ چىداپ تۇرالمايتتى. شۇڭا مېنىڭ گەپ-لىرىمنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن قايناپ سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، — بىزمۇ مۇشۇلارغا ئوخشاش ئادەم. بۇلارمۇ بىزنىڭ قەدرىمىزنى قى-لىپ، ھۆرمىتىمىزنى قىلسا، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى، قەدرى-نى بۇلاردىن نەچچە، نەچچە يۈز ھەسسە ئارتۇق قىلىمىز. لېكىن بىكاردىن بىكار بوزەك قىلىپ ئىنسانىي ئىززەت - ھۆرمىتىمىز-نى، غۇرۇرىمىزنى خورلاشقا ئۇرۇنسا، بىز قاراپ تۇرساق ھەرگىز بولمايدۇ! چۈنكى بىزنىڭ جېنىمىز بەندىنىڭ ئىلكىدە ئەمەس!... بولدى، بۇ ئىشتا ئۆزۈم ئوتتۇرىغا چىقىمەن. قېيىنئاتام مېنى ھا-مان ياخشى كۆرمىگەندىن كېيىن، سىزنىڭ مائاشىڭىزدىن بىر - بىرلەپ ھېساب ئالىمەن. قېنى بۇ خەق مېنى قانداق قىلالايدى-كىن؟ — كىچىك يەڭگەمنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدىم. ئۇنىڭ چىراي-لىق كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ، يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ، بە-دىنى ئاچچىقتىن لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— بولدى، بولدى يەڭگە، ئۇنداق قىلماڭ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر. ئىلگىرى بىر تونۇشۇم ماڭا دائىم «ئىنسان ئۆزىنىڭ ماڭغان ھەربىر قەدىمى، قىلغان ھەربىر ئىشىغا جاۋابكار بولىدۇ» دەيتتى. ھەرقانداق ئا-دەم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. ئانامنىڭ كېسىلىمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. يەنە ئۈچ - تۆت مىڭ كوي پۇل تاپسام دوختۇرخانىدىن ئاچىقىپ كېتەلەيمەن. شۇنچىلىك ئىشقا بۇ خەق بىلەن ئەسكىلەش-مەيلى. سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت يەڭگە!

— ھە...ي! سىزنىزە! مۇشۇنداق يۇۋاش، باغرى يۇمشاقلىقىڭىز-دىن بولۇۋاتقان ئىشلارغۇ بۇ! تۇتۇڭ. بۇ ئىككى مىڭ كوينى ئېلىپ ئانىڭىزنى ئوبدان داۋالىتىڭ. باشقا ئىشلارنى ھازىرچە ئويلىماڭ،

بولدى!

— رەھمەت، رەھمەت يەڭگە!...

دوختۇرخانىغا كىرىپ پۇل تۆلىۋېتەي دەپ مالىيە ئىشخانىسـىنىڭ پۇل تۆلەش كۆزنىكىگە بېرىپ پۇلنى تەڭلىدىم.

— ئىچكى بۆلۈم 3 ـ كارىۋات.

بوغالتىر قىز ئالدىدىكى كومپيۇتېرغا بىر نېمىلەرنى تاسلىدىتىپ ئۇرۇپلا جىممىدە توختاپ قالدى. ئۇ بىر ماڭا، بىر كومپيۇتېرغا قاراپ شۇنداق چىرايلىق كۈلۈمسىرىدى.

— يەنە پۇل تاپشۇرامسىز؟

— تېخى ئەتىگەنلا پۇل تاپشۇرۇڭلار دېگەنتىڭلارغۇ؟

— ئۇنىڭياقى بەش مىڭ كوي پۇل تاپشۇرۇپسىلەر. سائەت ئون بىردە.

— نېمە؟ بۈگۈن سائەت ئون بىردە بەش مىڭ كوي پۇل تاپشۇرۇپتىمىزمۇ؟

— شۇنداق.

— بۇ... بۇ... ئېزىپ قالمىغانسىز ـ ھە؟ مەن ئىچكى بۆلۈم 3 ـ كارىۋاتتىكى بىمارغا پۇل تاپشۇرىمەن!

— ئېزىپ قالمىدىم، سىڭلىم، مانا، ئىچكى بۆلۈم 3 ـ كارىۋات. ئىسمى ئايتىللاخان سادىن.

— توغرا، توغرىكەن!

ئۆزۈمچە قاتتىق جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. بۇ نېمە ئىش؟ بۇ پۇلنى زادى كىم تۆلىگەندۇ؟ يۇسۇپ، قېيىنئاتام، كىچىك يەڭگەم!... ياق، ياق! ئۇلارنىڭ پۇل تۆلەپ قويۇشى، بولۇپمۇ بۇنچە كۆپ پۇلنى تۆلەپ قويۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس! يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. كۆز ئالدىمغا بىر مەڭگۈلۈك سىيما كېلىۋاتاتتى. «مەن سىزنىڭ قەدرىڭىزنى ئۆمۈرۋايەت قىلىمەن. خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا ھەرگىز يەرگە قاراتمايمەن، سۆبھى! سىزنىڭ ماڭا بولغان چەكسىز پاك، مۇقەددەس سۆيگىڭىزنى مەڭگۈ، مەڭگۈ قە-

دىرلەيمەن!»

ماشا ئايان بولدى. بۇ دۇنيادا ماشا بۇنداق كۆيۈندىغان، ھېسداشلىق قىلىدىغان، ياردەم بېرىدىغان ئادەم بار دېيىلسە، پەقەت ئۇلا، پەقەت ئەرافاتلا بار ئىدى! مېنىڭ بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىن باشقا يېقىنىم، سىردىشىم، دىلكەشىم، مۇڭدىشىم يوق ئىدى... لېكىن... لېكىن ئۇ ئانامنىڭ كېسەللىكىنى، بىزگە پۇل لازىم بولغانلىقىنى قانداق بىلگەندۇ؟... كۆزۈمدە ياش. قەلبىمدە چىدىغۇسىز ئاچچىق ھەسرەت!...

ئانامنىڭ يېنىغا كىرىشىمگىلا ئانام بىلەن بىر ياتاقتا ياتقان ئاينۇرخان ئىسىملىك ئايالنىڭ ئون بىر - ئون ئىككى ياشلاردىكى قىزى نۇربۇۋى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— سۇبھى ئاچا. بۇ قاپچۇقنى بىر ئاكام سىزگە بېرىپ قويۇڭ دېگەنتى!

چىرايلىق قول ياغلىقتا چېگىلگەن كىچىككىنە قاپچۇقنى ئې- چىپلا ئىزىمدا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇستىخان - ئۇستىخانلىرىمدى- كى قان، يىلىك شۇرۇلداپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ھالسىزلىنىپ، بېشىم قېيىپ كۆزلىرىمگە قىزىللىق تىقىلىپ كەتتى. كۆز ئال- دىمدا قىپقىزىل دۇخاۋا بىلەن ئورالغان ياغاچ قاپچۇق ئىچىدە مەن زەرگەرگە سېتىۋەتكەن ئالتۇن زەنجىرىم، بىر جۈپ بىلەزۈك، كۆك ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكۈم ۋە يېپيېڭى، قىپقىزىل بىر باغلام پۇل تۇراتتى. پۇلنىڭ ئاستىدا چىرايلىق قاتلانغان بىر پارچە خەت تۇراتتى.

«... شۇ كۈنى مەن تاسادىپىي پۇرسەتتە بىر قىزنى كۆرۈپ قال- دىم. ئۇ قىز ئۆز ۋاختىدا مەن ئەڭ مۈشكۈلچىلىككە ئۇچراپ، چىد- دىغۇسىز خورلۇقلارغا، دەرد - ئەلەملەرگە دۇچار بولۇپ ھاياتتىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەن كۈنلەردە ماشا ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىد-

كىنى، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھرى ـ ۋاپا، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ چىن مەنىسىنى ھېس قىلدۇرغان، ماڭا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلغان بىر پەرىشتە ئىدى. مەن ئۇنىڭ يېلىنجاپ تۇرغان ئوتلۇق سۆيگۈسى ئارقىلىقلا ئۆزۈمـنى قايتا تونۇغان. دۇنيانى، ھاياتلىقنى چۈشەنگەنىدىم! ئۇنى مەن كۆڭلۈمدە مەڭگۈلۈك ئابىدە ھېسابلاپ، ئۇنى ئۆمۈرۋايەت بەختلىك قىلىش، ئۆمۈرۋايەت قەدرىنى قىلىش قارارىغا كەلگەنىدىم. ئەپـسۇس، يۈز مىڭ ئەپسۇسكى، تەقدىر مېنىڭ ئۇ ئىزگۈ تىلەك، قاراـرىمنى ئىشقا ئاشۇرغىلى قويمىدى... مەن ئۇنىڭدىن رەھىمسىزـلەرچە ئايرىلىپ كەتتىم. ئۇنى زار قاقشاتتىم، قان يىغلاتتىم! ئۇـنىڭدىن ئايرىلىپ تارتقان ھىجران ئازابلىرىمنى ئۆزۈم بىلەتتىم. لېكىن... ئۇنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ بۇ ئازابتىن قۇتقۇزۇشقا مەندە ئامال يوق ئىدى. ئامال بولغاندىمۇ بۇنىڭغا ئىنسانىي ۋىجداـنىم يول قويمايتتى! ... ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز ئويلاپ كەلدىم. ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز سېغىنىپ كەلدىم. پىنھان جايلاردا ئۇنىڭغا تىنچ ـ ئامانلىق تىلەپ كەلدىم!

شۇ كۈنى دوختۇرخانىدا ئايالىمنى تەكشۈرتۈپ چىقىۋېتىپ ئۇ قىزنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالدىم. يۈرىكىم ئىنسىيانكارانە ھالەتتە شىددەت بىلەن تېز ـ تېز سوقۇپ كەتتى. كۆزلىرىم، نېرۋا سېـزىملىرىم ئەڭ جىددىي ھالەتكە ئۆتكەنىدى. دەرۋەقە سېزىملىرىمنى ھەقىقەتەن ئالدىمىغانىدى. ئۇ قىز ــ شۇ قىز ئىدى! قىزنىڭ تۇرقىدىن بىر دۇنيانىڭ غېمى يېغىپ تۇراتتى. كۆڭلۈم بىر ئىشلارنى سەزدى. پۈتكۈل ئەزايىم ئەڭ سەزگۈر، ئەڭ جىددىي ھاـلەتتە قىزنى كۆزىتىشكە باشلىدى. شۇ مىنۇتتىن باشلاپ قىزنىڭ كەينىگە چۈشتۈم! چۈنكى كۆڭلۈم قانداقتۇر بىر ئىشلارنى سەزگەـنىدى. قىزنىڭ تۇرقىدىن ھەممىنى چۈشىنىپ بولغانىدىم... كېچىـلەردە قىزنىڭ ئانىسى ياتقان ياتاقنىڭ ئەتراپىدا، كۈندۈزلەردە قىز-

نىڭ ئەتراپىدا بولدۇم. بازاردا، يولدا قىزنى كۆزەتتىم! چۈنكى يۇ-رىكىم بىر ئىشلارنى سەزگەندى... زەرگەرنىڭ دۇكىنىدىكى ئىشلارنى كۆرۈپ ئىزىمدا كۆزۈمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. لەۋ-لىرىمنى ئەلەم بىلەن قاتتىق چىشلىدىم!... ئۇ قىزنىڭ ئاشۇ بىچا-رە، مىسكىن، مەيۈس تۇرقىنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ئازابلىق ئىدى!

بۈگۈن دوختۇرخانىدىكىلەر ئۇ قىزنى يەنە پۇل تاپشۇرۇڭ دېدى. قىزنىڭ تۇرقىدىن ئامالسىزلىقى چىقىپ تۇراتتى، تۇرقى بەك مىسكىن، بەك بىچارە ئىدى. ئەسلى ئايدەك نۇر چېچىپ جۇلالى-نىپ تۇرۇشقا تېگىشلىك يۈزلەر تاتارغان، قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇرۇشقا تېگىشلىك كۆزلەر خۇنسىرىغانىدى. يەنە... يەنە... ئى خۇدا! ئەسلي ئۇ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇنى بىلەمسەن خۇدا!

سۇبھى، ئاشۇ كۆك ياقۇت كۆزلۈك ئۇزۇكنى ھېلىھەم ئەتىۋارلاپ ساقلاۋاتقانلىقىڭىزغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت. ئالتۇن زەنجىر بىلەن بىلەزۈكىڭىزنىمۇ ئوبدان ساقلاڭ. چۈنكى ئۇ سىزنىڭ تويلۇقىڭىز! قۇتا ئىچىگە ئاز بولسىمۇ بەش مىڭ يۈەن نەخ پۇل سېلىپ قويدۇم، لازىم قىلارسىز. بۇلارنى كۆرۈپ مەندىن يەنە ئالەمچە خاپا بولىدى-غانلىقىڭىزنى، مېنى ئىچىڭىزدە نەچچىنى تىللايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. مېنىڭ سىزگە قىلغان زەررىچە كۆڭلۈم. خاپا بولماي قو-بۇل قىلسىڭىز، ئۆزۈمدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولغان بولاتتىم!

سۇبھى، مەن بۈگۈن كەچلىك ئايروپىلاندا ئۈرۈمچىگە ئۈچ ئاي-لىق ئۆگىنىشكە ماڭىمەن. ئانىڭىزنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەيمەن.

خەير - خوش، ئۆزىڭىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزنىمۇ ئاسراڭ، ئۆ-زىڭىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەڭ!

ئەرافات»

— سوبهى ئاچا، بۇ كۆك كۆزلۈك ئۆزۈكىڭىز ھەممىدىن چىرايلىقكەن. مۇشۇنى سېلىۋېلىڭە.
— شۇنداق سىڭلىم، بۇ كۆك كۆزلۈك ئۆزۈك ھەممىدىن چىرايلىق ھەم ھەممىدىن قىممەتلىك، مەن مۇشۇنى سېلىۋالاي!

2007 - يىلى، قەشقەر — يوپۇرغا.

# سەۋدالىق

بۈگۈن كەچمۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ دېرىزە پەردىسىنى قايرى-ۋەتتىم - دە، كۈندىكى ئادىتىم بويىچە سىرتنىڭ كەچكى مەنزىرى-سىنى تاماشىشا قىلىشقا باشلىدىم. بۇ بىناغا مەن يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن بولغاچقا، بۇ يەردە مېنىڭ بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئىچ - پۇشۇقىمنى چىقىرىدىغانغا تونۇش - بىلىشلىرىم يوق ئى-دى. بۇ بىنادىكى ئادەملەرمۇ ئۇ يەر - بۇ يەرلەردىن كېلىپ ئول-تۇراقلىشىپ قالغان بولغاچقا، بىر - بىرى بىلەن ئانچە كارى يوق ئىدى. پەشتاقتىن چىقىپ - چۈشۈشتە بىر - بىرى بىلەن دوقۇ-رۇشۇپ قالسىمۇ، ئىنتايىن ئاز بىر قىسىملىرى بار - يوقنىڭ ئورنىدا سوغۇقلا باش لىڭشىتىشقاندىن باشقىلىرى ئاساسەن تو-نۇشمايدىغان ئادەملەردەك بىر - بىرىگە قاراپمۇ قويۇشماي ئۆتۈپ كېتىشەتتى. كىمنىڭ ئۆيىگە كىمنىڭ كىرىپ - چىقىۋاتقانلىقى، نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئى-دى. سىرتقا چىقسىمۇ شۇ ئوخشاشلا مەنزىرە، تولىمۇ ئالدىراش ئا-دەملەر، تولىمۇ سۈس سالام - سەھەتلەر. غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋات-قان چوڭ - كىچىك ماشىنىلار، ئېگىز - ئېگىز بىنالار، قاتۇرۇل-غان يوللار، سۈنئىي گۈللەر، غېرىبسىنغان دەل - دەرەخلەر... شۇنداق بولغاچقا، مەن ھەر كۈنى كەچكە يېقىن دېرىزە ئالدىغا كې-لىپ پەردىنى قايرىۋەتكەندىن كېيىن سىرتقا قاراپ سىرتنىڭ مەن-زىرىسىنى تاماشىشا قىلىپ كۆڭلۈمنى ئاچاتتىم ۋە ۋاقىت ئۆتكۈ-زەتتىم. مېنىڭ ئۆيۈم بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدە ئىدى. تۆتىنچى قەۋەتتە تۇرۇپ سىرتقا قارىغاندا خېلى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولات-تى... مەن ئۇ قىزنىمۇ مۇشۇ ئورۇندا تۇرۇپ ئۇدۇلدىكى بىنانىڭ

تۆتىنچى قەۋەتتىدىكى — مېنىڭ ئۆيۈمگە ئوخشاش ئوخشاش قاراشلىق بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن كۆرگەنىدىم. ئۇ كۈنى پۈتۈن كۈن ھاۋا تۇمانلىق بولۇپ، سارغۇچ توپا ياغقانىدى. كەچكە يېقىن مەن يەنە كۈندىكى ئادىتىم بويىچە دېرىزە ئالدىغا كېلىپ سىرتقا قاراپ تۇراتتىم. تۇيۇقسىز ئۇدۇلدىكى بىنادىكى ھېلىقى ئۆينىڭ چىرىغى-نىڭ ۋاللىدە يورۇشى بىلەن ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قاراپ قاپتىمەن. ئۆي ئىچىدە بىر قىز يالىڭاچ ھالەتتە دېڭىزدەك مېڭىپ يۈرەتتى. قىزنىڭ بەدىنىدە كىچىككىنە قىپقىزىل لىپتىكى بىلەن قىپقىزىل ئۈچ بۇرجەك كالتە ئىشتىنىدىن باشقا ھېچنېمە يوقتەك قىلاتتى. دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قىز-نىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە شۇنچىلىك ھېرىسمەنلىك ۋە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراشقا باشلىدىم. قىز گويا بۇ دۇنيادا بىر ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك شۇنچىلىك بىمالال ۋە شۇنچىلىك خاتىرجەم ھە-رىكەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئەينەك قۇتا ئىچىدىكى تاسمىبې-لىقتەك شۇنچىلىك سىلىق، شۇنچىلىك ئەركىن، شۇنچىلىك نەپىس ئىدى. ئۇ ئاۋۋال تامدىكى تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆز بەدىنىگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قارىدى. قوللىرى بىلەن بەدىنىنى ئاستا - ئاستا سىلاپ، ئىككى كۆكسىنى چىڭ - چىڭ بېسىپ قويدى. ئاندىن بېشىغا تۈرمەكلىۋالغان چاچلىرىنى ئالدىرىماي چۇ-ۋۇپ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشەت-تى. ئۇ بېشىنى يەڭگىل سىلكىۋىدى چاچلىرى مەيىن شامالدىكى مەجنۇنتالدەك لەرزان دولقۇنلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆز بەدىنىدىن رازى بولغاندەك ئەينەككە ئالدى - كەينىچە، يېنىچە بولۇپ، يەنە بىر قې-تىم قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاۋۋال لىپتىكىنى ئېلىپ ئارقىسىغا تاشلىۋەتتى. ئاندىن سەللا ئېڭىشىپ نەچچە دەقىقىدىن كېيىنلا ئوڭ قولى بىلەن كىچىككىنە قىزىل بىر نەرسىنى ئالدى - دە، ئۇنىمۇ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلىۋەتتى! نەپىسىم ئىتتىكلەپ لەۋلىرىم قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. پۈتۈن بەدىنىم چۇمۇلە مېڭىۋاتقاندەك قىم-

شىپ ھېس ـ سېزىملىرىم شىددەت بىلەن چىگىقىلىشقا باشلىدى. مەن بارغانچە دېرىزىنىڭ ئەينىكىگە يۈزۈمنى يېقىپ تۇرۇپ قاراشقا باشلىدىم. كۆڭلۈمدە مەن ئۇ قىزنى ئاشۇ تۇرقىدا مەڭگۈ تۇرسىدىكەن، باشقا ئۆيگە كىرىپ كەتمىسىكەن، بولسا ئاشۇ ھالەتتە مەن تەرەپكە بىر قارىسىكەن دەپ ئويلايتتىم. لېكىن ... قىز گويا بىرسىنىڭ ئۆزىنى دېرىزىنىڭ سىرتىدىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغاندەك، گويا مېنىڭ بولمىغۇر خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك ئىتتىكلا دېرىزىگە «لاپ» قىلىپ قارىدى ـ دە، ئىچكىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. «ئېھتىمال ئۇ مۇنچىغا يۇيۇنغىلى كىرىپ كەتتى» دەپ ئويلىدىم مەن لەۋلىرىمنى بوشقىنا چىشلەپ. ھېلىمۇ ياخشى مەن ئۆيۈمنىڭ چىرىغىنى ياندۇرمىغان ئىكەنمەن، بولمىسا ئۇ... مەن قاراڭغۇدا تۇرۇپ يورۇقتىكى نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى، يورۇقتا تۇرۇپ قاراڭغۇدىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى خېلى ئوبدان بىلەتتىم... مېنىڭ ئەمدى دېرىزىنىڭ يېنىدىن كەتكۈم كەلمىدى. مەن ئۇ قىزنى مۇنچىدىن چىققۇچە ساقلاپ تۇرۇشنى، ئۇ قىزنىڭ يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىنكى يالىڭاچ ھالىتىنى، يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشنى ئويلايتتىم. «ئەر كىشى دېگەن ھەممىگىلار شەھۋەتخور كېلىسىلەر. سىلەر ئاغزىڭلاردا دۇنيادىكى جىمىكى چىرايلىق، دەبدەبىلىك گەپلەرنى دەپ ئۆزۈڭلارنى پەرىشتىدەك پاك كۆرسەتسەڭلارمۇ، لېكىن دىلىڭلار، كۆزۈڭلار ھامان قىز ـ ئاياللاردا بولىدۇ. بۇ دۇنيادا ئەڭ يامىنى تەن شەھۋىتى ئەمەس، كۆز شەھۋىتى بىلەن دىل شەھۋىتىدۇر!» مەن بۇ گەپنى كىمدىن، قاچان ئاڭلىغان بولغىيتىمكىنە؟ مەن شۇ چاغدا ئۆزۈمنى ئاقلاش يۈزىسىدىن بۇ گەپنى دېگەن ئادەم بىلەن تازا زوكۇنلاشقىنىم ئېسىمدە. مەن ئۇنىڭ بۇ بىر تەرەپلىمە سەپسەتىسىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ كەلگەنىدىم. ئۆزۈمنى مۇتلەق پاك، ئاياللىمدىن باشقا ھەرقانداق ئايال زاتىغا غەيرىي نىيەت بىلەن قارىمايمەن، مېنىڭ دىلىمدا ھارام شەھۋەتتىن

قىلچىلىك ئەسەر يوق دەپ ئويلايتتىم ھەم شۇنىڭغا ئىشىنەتتىم، ھەم شۇ خىل ئېتىقاد بىلەن ياشاپ كەلگەنىدىم. لېكىن.... قىز تېخىچە چىقمايۋاتاتتى. كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ تېخى نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدىكى ئادەمنى ئوتلۇق ۋەسۋەسە ۋە تاتلىق ساراسىمىگە سالىدىغان يالىڭاچ قىياپىتى، نازۇك، سىلىق، مۇلايىم ھەرىكىتى!... «ئۇ قىزنىڭ ئاشۇ ھالىتىنى يېقىندىن تۇرۇپ كۆرگىلى بولسىمۇ ـ ھە!»... بىر يەرلىرىم كۆيۈۋاتقاندەك، بىر يەرلىرىم ئېچىشىۋاتقاندەك، بىر يەرلىرىم قىچىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆزلىرىم ھېلىقى دېرىزىدىن ئۈزۈلمەيتتى. «مەنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىر شەھۋەتخور ئىكەنمەن ـ دە!»، دەپ ئويلاپ دېرىزىدىن چۈشۈپ كەتمەكچى بولدۇم. مەن ئۇ قىزنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئۆرە تۇرۇپ بولالماي دېرىزە تەكچىسىگە چىقىۋالغانىدىم. پۇتلىرىمنى پولغا تەگكۈزۈپ بولۇپ يەنە تارتىۋالدىم. «بولمىسا يەنە بىردەم ساقلاي. بەرىبىر مېنى ھېچكىم كۆرمىگەندىكىن، مېنىڭ بۇ ئىشلىرىمنى، بۇ خىياللىرىمنى ھېچكىم بىلمىگەندىكىن، تايىنلىق بىردەم تۇرۇپ ئۇ قىزنى يەنە بىر كۆرۈۋېلىپ... ئەجەپمۇ كېلىشكەن نېمىكەن، توي قىلغانمىدۇ، ئۇ ئۆيدە يالغۇز تۇرامدىغاندۇ، ئۇ نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ ھەرىكەتلىرى نېمىدېگەن سىلىق، نېمىدېگەن نازۇك، گويا تاسما بېلىقتەك!... ئادەم ئاشۇنداق قىزلار بىلەن...» بارغانچە خىياللىرىم چېچىلىپ، تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ شەھۋەت ئوتىدا ھالسىراپ، جان تالاشماقتا ئىدىم... قىز چىقىدىغاندەك قىلمايتتى. لەۋلىرىم قۇرۇق، كۆزلىرىم ھېلىقى ئۆيدىن ئۈزۈلمەيتتى. «ئۇ يېتىپ قالغانمىدۇ ـ يا؟ ئۇ كىرىپ كەتكىنى مۇنچا بولماي ياتاق ئۆي بولسىچۇ؟»... دېرىزە تەكچىسىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇۋېرىپ پۇت ـ قوللىرىم ئۇيۇشۇپ كەتكەنىدى. «ئۇ ـــ بىر شەيتان. ئۇ ـــ ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ ساراسىمىگە سالىدىغان ئېزىتقۇ!»... دېرىزە تەكچىسىدىن ئەمدىلا چۈشۈپ كېتەي دەپ تۇرسام، قىز چېچىنى ئاپپاق لۆڭگە بىلەن ئېيتقاچ مۇنچىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ تامدىكى

تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ بايىقىدەك شۇنداق نازۇك ھە-
رىكەت بىلەن شۇنداق بىخارامان، شۇنداق خاتىرجەم ھالدا چېچىنى
سۈرتتى. ئاندىن لۆڭگىنى تاشلىۋېتىپ، چاچلىرىنى تاغاق بىلەن
ئالدىرىماي تاراشقا باشلىدى. ئۇ چېچىنى تاراپ بولۇپ ئارقىسىغا
ئۆرۈلدى. ئۇ ئەمدى ئاندىن تۇغما ھالەتتە مەن تەرەپكە قاراپ ئال-
دىرىماي كېلىۋاتاتتى. نەپسىم تېخىمۇ ئىتتىكلەپ كېتىۋاتماقتا
ئىدى. مەن ئەمدى ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئۇنى ئوچۇقلا كۆرۈپ
تۇراتتىم. ئۇنىڭ بەدىنى گويا ئاق ئالماستەك پارقىراپ تۇراتتى.
مەن ئۇنىڭ ئاشۇ ھالەتتە ئىزىدا قېتىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىۋا-
تاتتىم... لېكىن... ئۇ تام تەرەپكە قاراپ سەل - پەللا ئېگىلىشىپ
بىر نەرسىنى ئالدى - دە، يەنە تامدىكى تىكلىمە ئەينەككە قاراپ
كۆكسىگە تاقاشقا باشلىدى. كۆڭلۈمگە ھەممە ئىش ئايان بولغان-
دى. ئۇنى كۆرۈپ لەززەتلىنىش ۋاقتىم ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇ-
رۇۋاتاتتى. دېگەندەك ئۇ چوڭ ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ ياتاق
ئۆيىگە كىردى بولغاي، يەنە بىر كىچىكرەك دېرىزە غۇۋا يورۇدى...
شۇ ئاخشىمى مەن زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. ھە دېگەندە كۆز ئالدىمغا
قىزنىڭ ئاشۇ يالىڭاچ ھالىتى كېلىۋېلىپ، مېنى شەھۋەت ئوتلىرى
كۆيدۈرەتتى. مەن شۇ ئاخشىمى نۇرغۇن بولمىغۇر خىياللارنى قىل-
دىم. خىيالىمدا مەن شۇ تاپتا قىزنىڭ ئۆيىگە كىرەتتىم. قىزنىڭ
ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالاتتىم. بىر خىل ۋە-
ھىمە ۋە قورقۇنچ جىسمىمنى جۇلغىۋالغان. بايىقى تەلۋە ئىنتىلىش
ۋە تاتلىق ساراسىمىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. يېنىپ چۈشۈشكە
تېخى كۆڭلۈم قويمايتتى. قىزنىڭ بايىقى يالىڭاچ ھالىتى تېخىچە
كۆز ئالدىمدا ئىدى. «ناۋادا قىزنىڭ يېنىدا بىرەرسى بولۇپ قالسى-
چۇ» دېگەن خىيالنى قىلىپ ئۆزۈمچە جۇغۇلداپ كەتتىم. قىزنىڭ
ئىشىكىنى چەكسەم، ئۆيدىن ھېلىقى قىز ئەمەس، مۇسكۇللىرى
چىڭ، ئۇستىخانلىق، بولجۇڭ گۆشلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان بىر ئەر
كىشى چىقسا. ئۇ مەندىن بىرەر ئېغىز گەپمۇ سورىماي گومشىتىپ

ئۆرۈپ كەتسە!... ياق، ئۇ قىز ئۆيدە يالغۇز، ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم
يوق. ئۇ ئۆيدە بىرەر ئەر كىشى ئەمەس، يەنە بىرەر ئايال زاتى بول-
غان بولسىمۇ، قىز ھەرگىز بايىقىدەك بىخارامان ھالدا قىپيالىڭاچ
يۈرەلمەيدۇ. ئۇ چوقۇم يالغۇز. شۇ خىياللار بىلەن ئىشىك قوڭغۇ-
رىقىنى بېسىش ئۈچۈن قولۇمنى كۆتۈرۈشۈمگىلا كىمدۇ بىرىنىڭ
غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ بىناغا چىقىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قال-
دى. يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. «ئۇھ، ئەمدى تۈگەشتىم.
ئەمدى تۈگەشتىم. ئۇ ئادەم مەندىن بۇ كېچىدە بۇ يەردە نېمىشقا
تىمىسقىلاپ يۈرۈيسەن، دېسە نېمىمۇ دەرمەن... بۇ ئادەم دەل مۇشۇ
ئۆيگە ــــ مۇشۇ قىزنىڭ يېنىغا كەلدىمۇ تېخى! بۇ نومۇسسىزلار
كۈندۈزدە دېيىشىۋالغان بولسا، بۇ نامەرد خۇمسى خوتۇن - باللىد-
رىنى ئالداپ قويۇپ، ئەل ئايىغى جىمىقىقاندا كەلگەندۇ تايىنلىق.
شۇڭا ئۆزىنى بەك يۇيۇپ تاراپ كېتىپتىكەن - دە، ھېلىقى قاڭ-
جۇق!» تۈرۈپلا قىزغا قاتتىق نەپرىتىم كەلدى. ئۇنىڭغا چىش -
تىرنىقىمغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتىم. «ھۇ بۇزۇق. پاسىق، خەپ!»...
غىڭشىپ ناخشا ئېيتقان ئاۋاز يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئا-
يىغى پەشتاققا ھەربىر قېتىم ئۇرۇلغاندا يۈرىكىم بىر قېتىم ئې-
غىپ كېتەتتى... ئۇنىڭ پۇشۇلداپ چوڭ - چوڭ تىنىغان ئاۋازى
ئاڭلانغاندىلا ئاستا كەينىمگە ياندىم. بىز ئۇنىڭ بىلەن تۆتىنچى قە-
ۋەت بىلەن ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ ئارىلىقىدىكى كىچىككىنە بوشلۇق-
تا ياندىشىپ ئۆتۈپ كەتتۇق. بىزنىڭ مۈرىمىز بىر - بىرىگە يەڭ-
گىل سۈۋۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئويلىغىنىمدەك پۈزۈر كىيىنگەن، ئې-
گىز بويلۇق، تەمبەل، قورساقلىق، ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان بىر
«سالاپەتلىك بۇزۇق ئىدى». مەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدۇم.
«ئۇنداق قىزلارنى پەقەت مۇشۇنداق سالاپەتلىك بۇزۇقلارلا كەلتۈرە-
لەيدۇ» دەپ ئويلىدىم يەنە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قويۇپ، مەن
بەكمۇ ئاستا ماڭدىم. ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ قەستەن بىر
نەرسەم يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىك بولۇپ ئىزىمدا نەچچە مىنۇت

زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم. قولىقىم ھېلىقى ئىشىكتە ئىدى. ئاردىن نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىمىدى. «ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇۋاتامدىغاندۇ - يا؟» مەن ئاستا ئورنىمدىن تۇرۇپ ئۇستىگە قارشىمغىلا ھېلىقى ئەرنىڭ تولىمۇ بوش پىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

— مەن كەلدىم سەنەۋەر، ھازىر ئىشىك ئالدىڭىزدا، ھە ماقۇل، تېزراق بولۇڭ ئەمىسە. سىرتتا ئىنىسى - جىنىمۇ يوق، خاتىرجەم بولۇڭ! ھېلىقى ئەر يانفونىدا قىز بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. «ئۇ بۇزۇقنىڭ ئىسمى سەنەۋەر ئىكەن - دە!» ئاردىن بىرەر مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا ھېلىقى ئۆينىڭ بىخەتەرلىك ئىشىكى «شىرىققىدە» ئېچىلدى.

— تېزراق بولسىلا!

ئىشىك يەنە «شىرىققىدە» ئېتىلدى... ئۇ ئۆيگە نەپرەت بىلەن بىر قاراپ قويۇپ ئاستىلا كەينىمگە ياندىم...

شۇ كۈندىن كېيىن مېنىڭ كۆڭلۈم ئاشۇ ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قاراش بىلەن ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆيۈمگە كىرسەملا تۈنجى قىلىدىغان ئىشىم ئاشۇ دېرىزىگە قاراپ بېقىش. كۈندۈزلىرى پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ ياكى ئولتۇرۇۋېلىپ قارايتتىم. كېچىلىرى ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇرماي قارايتتىم. لېكىن ئۇ ئۆينىڭ چىرىغى شۇ كۈندىن كېيىن بىرەر قېتىممۇ يېنىپ قويمىدى، ھېلىقى قىزمۇ بىرەر قېتىممۇ كۆرۈنۈپ باقمىدى. پات - پاتلا قىزنىڭ ھېلىقى تۇرقى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ مېنى تاتلىق خىياللار ئىچىدە قىينايتتى...

مانا، مەن بۈگۈنمۇ يەنە ئاشۇ ئۆينىڭ دېرىزىسىگە ئوغرىلىقچە قاراپ ئولتۇرىمەن. خىيالىمدا يەنە ئاشۇ قىز. كۆز ئالدىمدا يەنە ئاشۇ قىزنىڭ ھېلىقى تۇرقى! ئادەم قىز - ئاياللارنىڭ بەدىنىنى سەل يىراقتىن، سەل يوشۇرۇن كۆرسە شۇنچە گۈزەل كۆرۈنۈپ، ئادەمگە شۇنداق كۈچلۈك تەسىر قىلىپ كېتەمدىكىن - تاڭ، ئاشۇ

كۆندىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى گويا مۇشۇ يېشىمغىچە تېخى ئايال زاتىنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى كۆرۈپ باقمىغاندەك، ئايال زاتى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ باقمىغاندەك سىرلىق تىلسىمات ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. بۇ سىرلىق تىلسىمات چۆرگىلەيتتى. پىرقىرايتتى. ھەر خىل رەڭلەرگە ئۆزگىرەتتى. كۆزلىرىمنى ئالا - چەكمەن قىلىپ، خىيالىمنى بۆلۈپ، ئەقلى - ھوشۇمنى لال قىلاتتى. بۇ سىرلىق تىلسىم غايەت زور بىر قاينام بولۇپ مېنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتاتتى. مېنىڭ بۇ قاينامغا شۇڭغۇپ كىرگۈم، قاينامنى يېرىپ غۇلاچلاپ ئۈزۈپ قىرغاققا چىققۇم كېلەتتى. بۇ قاينامنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە شۇڭغۇپ كىرىپ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان سىر - ھېكمەتلەرنىڭ تېگىگە يەتكۈم كېلەتتى! مېنى ئەنە شۇنداق بىر تەلۋە ۋەسۋەسە ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقە قىينايتتى. مېنىڭ خىيالىمچە ئۇ ئۆيدىكى قىز بۇ دۇنيادىكى ھېچقانداق ئايال زاتىغا ئوخشىمايدىغان، پۈتۈن جىسمىدىن لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈپ تۇرىدىغان سېھىرلىك قىز ئىدى! ئۆزۈمنىڭ ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىغان مۇشۇ كۈنلىرىمدە مۇشۇنداق بىر تەلۋە سەۋداغا گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىمدىن توۋا دەيتتىم. «ئوتتەك گۈزەل ياشلىق چاغلىرىمدا ھېسسىياتنىڭ قۇلى بولماي مانا ئەمدى ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق، ئۆز ھالىم بىلەن قالغان كۈنلەردە نېمە كەلگۈلۈك؟ بۇ ماڭا تەگكەن قانداق سەۋدا؟»... تۇيۇقسىز ھېلىقى ئۆينىڭ چىرىغى «لاپ» قىلىپ ياندى. يۈرىكىم گويا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى، مەن پۈتۈن دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆز نۇرۇمنى يىغىپ، دېرىزىگە تېخىمۇ يېقىن كېلىپ ھېلىقى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئۆي ئىچىگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىم. ئۇ ئۆينىڭ دېرىزىسىنىڭ ئىچكى نېپىز پەردىسى قايرىۋېتىلمىگەن بولۇپ، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ھېلىقى كۈندىكىدەك تازا ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى. لېكىن شۇنداق

بولسىمۇ ئۇ ئۈيگە كۆزۈمنى ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ تۇرىۋەردىم. ئۈي ئىچىدە بىر گەۋدە ئۇيان ـ بۇيانغا ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى. بۇ چوقۇمكى ھېلىقى قىز ئىدى. «پەر- دەڭنى قايرىۋەت» دەيتتىم ئىچىمدە. دېگەندەك ئالاھەزەل ئون ـ ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇ دېرىزىنىڭ پەردىسى «شار» قىلىپ تو- لۇق قايرىۋېتىلدى. دېرىزىنىڭ بىر قاپقىقىمۇ ئىچىۋېتىلدى. دې- رىزە ئالدىدا دېگەندەك ھېلىقى كۆندىكى قىز مەن تەرەپكە قاراپلا تۇراتتى. ئۆزۈمچە ئۇجۇقۇپ كەتتىم. «ئەجەبا ئۇ قىز مېنىڭ ئۆزىنى ماراپ ئولتۇرغىنىمنى بىلىپ قالغانمىدۇ؟ ... ئەجەبا...» قىز دېرىزە ئالدىدا ئۈچ ـ تۆت مىنۇتچە تۇرغاندىن كېيىن يەنە شۇ ھې- لىقى كۆندىكىدەك سىلىق، نازۇك ھەرىكەتلەر بىلەن كەينىگە قاي- رىلىپ تامدىكى تىكلىمە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ ئەينەككە قاراپ نەچچە دەقىقە تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇ كىيىملىرىنى بىر ـ بىرلەپ سېلىشقا باشلىدى. يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ، نەپسىم ئىتتىكلەپ، ھېلىتىنلا لەۋلىرىم قۇرۇماقتا ئىدى. دېرىزە تەكچى- سىگە چىقىپ تۇگۇلۇپ ئولتۇرۇپ يۈزۈمنى ئەينەككە يېقىپ قىز- نىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە پۈتۈن دىققىتىم بىلەن قاراپ ئولتۇرد- مەن. مانا، قىز تاشقى كىيىملىرىنىڭ ھەممىنى سېلىۋەتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن پەقەت ھېلىقى كۆندىكىگە ئوخشاش كىچىككىنە باغىر- دىقى بىلەن كىچىككىنە ئۈچ بۇرجەك كالتە ئىشتىنىلا قالدى. ھې- لىقى كۆندىكىگە ئوخشىمايدىغىنى قىزنىڭ بۈگۈن كىيىۋالغىنى قىزىل رەڭلىك ئەمەس، ئاق رەڭلىك ئىچ كىيىملەر ئىدى. قىز يە- نە بۇ دۇنيادا بىر ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك ئۈي ئىچىدە شۇنداق بىمالال، شۇنداق خاتىرجەم، شۇنداق ئەركىن ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇ يەنە ئەينەككە قارىدى. چاچلىرىنى قويۇۋەتتى. ئاندىن تاسما بېلىقتەك سىلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئاستا مېڭىپ مۇنچىغا كىرىپ كەتتى... كاللام قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتاتتى. لەۋلىرىم قۇرۇپ نەپسىم بارغانچە قىسىلىپ كېتىۋاتاتتى. بولمىغۇر خىيال كاللام-

نى چىرمىۋالدى. خىيالىمدا يەنە ئاشۇ قىزنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولۇۋاتاتتىم. كۆڭلۈمدە پەقەت مەنلا قىزنىڭ يېنىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالىسامىلا قىز مېنىڭ ھەرقانداق تەلىپىمگە ماقۇل دەي-دىغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ تورۇقى، ھەرىكىتىدىن ئۇمۇ يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقاندەك، بىر يېقىن ھەمراھقا، سىرداشقا موھتاج بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىنكى ئىشلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ پۈتۈن جىسمىمنى تاتلىق بىر سېزىم ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئايالىم كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئون نەچچە يىلدىن بېرى مەن قىز ـ ئاياللار توغرىسىدا ھېچقانداق ھازىرقىدەك خىياللاردا بولۇپ باقمىغان. ھېچقاچان بىر ئايال زاتىمۇ مېنى ئۆزىگە ھازىرقىدەك مەھلىيا قىلالمىغانىدى. لېكىن بۇ قىز... قىز مۇنچىدىن چىقتى. ئۇ يەنە ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش ئەينەك ئالدىدا تورۇپ چاچلىرىنى تاراپ ئىچ كىيىملىرى-نى ئالماشتۇردى. ئاندىن تاشقىرىقى ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى...

دېرىزە تەكچىسىدىن چۈشۈپ كەتتىم. كاللامنى يەنە شۇنداق بولمىغۇر خىياللار چىرمىۋالدى. دېرىزە يېنىدا تورۇپ ئەينەككە يۈزلىرىمنى چاپلاپ قىزنىڭ ياتاق ئۆيىگە قاراشقا باشلىدىم. ياتاق ئۆينىڭ دېرىزىسى غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. «ئۇ ھازىر چوقۇم لۆم ـ لۆم كارىۋاتتا، ئاپپاق تۆشەك ئۈستىدە بايىقى ھالەتتە ئوڭدىسىغىلا ياتتى. ئۇمۇ ھازىر چوقۇم يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ، تولغىنىپ مەن قىلغاندەك خىياللارنى قىلىپ تاتلىق ھېس ـ تۇيغۇ ئىچىدە ياتقان-دۇ. ياستۇقىنى، يوتقاننى مەھكەم قۇچاقلاپ ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلغاندىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز، ئەڭ شېرىن دەقىقىلەرنى ئويلاپ يۈرەكلىرى تىپچەكلەۋاتقاندۇ. سېزىملىرى چىڭقىلىۋاتقاندۇ، ھا-زىر يېنىغا مەندەك بىر ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتقاندۇ ـ ھە! ئادەم يالغۇز ياتقاندا، بولۇپمۇ مۇشۇنداق كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، ھېچنېمىدىن غەم ـ ئەندىشىسىز تۇ-

رۇۋاتقاندا، شارائىتى ياخشى، تىنچ، پىنھان ماكاندا، ئاپپاق، پاكىز تۆشەكتە ياتقاندا ئاشۇنداق ئىشلارنى ئويلىمايدۇ دېسە كىممۇ ئىشەنىدۇ؟...» قىز توغرۇلۇق قىلىدىغان خىياللىرىم تۈگىمەيتتى. خىيال قىلغانچە بەدىنىم قىزىپ، سېزىملىرىم چىڭقىلاتتى. قىز ياتقان ئۆينىڭ دېرىزىسىگە پات - پاتلا ئۆزۈم بىلىپ - بىلمەي قاراپ قوياتتىم. ئىشكاپتىن قىزىل هاراق ئېلىپ ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ يېرىم رومكا ئىچتىم. يەنە يېرىم رومكا ئىچتىم. ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ كارىۋىتىمدا بىردەم ئۇخلىدىم. ئۇخلىدىسىغا، بىردەم يېنىچە بولۇپ يېتىپ باقتىم. مەيلى قانداق ياتاي زادىلا ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كۆز ئالدىمدا يەنىلا هېلىقى قىزنىڭ هېلىقى هالىتى!... «قىزمۇ چوقۇم هازىر مەندەك خىياللارنى قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدىم يەنە. «ئۇمۇ چوقۇم مەندەك ئۇخلىيالماي ئاۋارە. ئۇمۇ چوقۇم ئازابلىنىپ يۈرىكى پارە. مەن ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلسەمچۇ كاشكى! تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭ رايىنى سىناپ، تومۇرىنى تۇتۇپ باققان بولسام. سەللا ئىنىدەككە كەلگۇدەك بولسا، ئىككى سەكرەپلا ئۇنىڭ يېنىغا كىرسەم...» ئورنىمدىن تۇرۇپ قىز ياتقان ئۆينىڭ دېرىزىسىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ باقتىم. قىز ياتقان ئۆينىڭ دېرىزىسى غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. «دېمەك ئۇمۇ تېخى ئۇخلىماپتۇ - دە!» تاشقىرى ئۆيگە چىقىپ يەنە يېرىم رومكا قىزىل هاراق ئىچتىم. دېرىزىدىن قىز ياتقان ئۆينىڭ دېرىزىسىگە مۇنداقلا قاراپ قويدۇم. دېرىزە غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئۆزۈممۇ سەزمەيلا مۇنچىغا كىرىپ تامدىكى ئەينەككە قاراپ چاچلىرىمنى ئالدىرىماي تارىدىم. ساقىلىمنى تېخى ئەتىگەندىلا ئالغان بولغاچقا، يۈزلىرىم پارقىراپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئازراق يۈز مېيى سۈرتۈۋالدىم. ئاندىن ياتاق ئۆيگە كىرىپ، ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كالتە يەڭلىك قىزغۇچ چوڭ كاتەكچە گۈللۈك كۆڭلىكىم بىلەن قارا كۆك ئىشتىنىمنى كىيىپ يەنە مۇنچا ئۆيگە كىردىم. ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمنىڭ تۇرۇقىدىن خېلى رازى بولۇپ قالدىم. گەرچە يېشىم قى-

رىقلاردىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مەن خېلىلا كېلىش-كەن، قاش - كۆزۈم جايىدا ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈم-نى تاشلىۋەتمەي پاكىز كىيىنىپ، روھلۇق ياشىغاچقا، مېنى دەمال كۆرگەن ئادەم ھەرگىزمۇ قىرىق ياشلاردىن ئاشقان — ئوتتۇرا ياش-لىق ئادەم دېمەيتتى. قويۇق، سەل سارغۇچ بۇرۇتلىرىم مېنى تې-خىمۇ پىشقان، تېخىمۇ تېتىك، تېخىمۇ روھلۇق ۋە تېخىمۇ سالا-پەتلىك كۆرسىتەتتى. مەن ئۆز - ئۆزۈمدىن خېلى رازى بولغاندىن كېيىن تاشقىرقى ئۆيگە چىقتىم. يەنە يېرىم رومكا قىزىل ھاراق ئىچكەچ قىز ياتقان ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە قاراپ قويدۇم... كوچا چىراغلىرى ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەتراپ جىمجىت ۋە سۈرلۈك ئىدى. مەن ئانچە كەڭ بولمىغان بىر يولدىن كېسىپ ئۆتسەملا قىز تۇرۇۋاتقان بىناغا كىرەلەيتتىم. بىنانىڭ كىرىش ئىشىكىگە كېلىپلا مېنى قاتتىق تىترەك بېسىپ كەتتى. ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت ئىدى. بىرەرسىنىڭ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، مەن تېخىچە توختاۋسىز تىترەۋاتاتتىم. بىنا ئالدىدا تۇرۇپ قىز ياتقان ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدۇم. دېرىزە تېخىچە غۇۋا يو-رۇپ تۇراتتى. مەن ئەتراپقا يەنە بىر قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن، بىناغا كىرىپ كەتتىم. قىزنىڭ ئۆيى تۆتىنچى قەۋەتتە ئىدى. مەن پەشتاقتىن تولىمۇ ئاۋايلاپ مېڭىپ قىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئال-دىغا چىقىپ تۇرۇپ قالدىم. بەك جىددىيلىشىپ كەتكەچكە، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ ھاسىراپ كېتىۋاتاتتىم. مۇشۇ ئىشىكنىڭ ئى-چىدە ھېلىقى قىز بار ئىدى. ئۇ ھازىر يالغۇز يېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۇخلاپ قالغانمىدۇ؟ ئىشىكنى چەككەن ياخشىمۇ، ئىشىك قوڭغۇرد-قىنى باسقان ياخشىمۇ؟... ئۆيگە كىرىش - كىرمەسلىك ئوتتۇرد-سىدىكى روھىي زىددىيەت مېنى دەقىقە ئىچىدە قاتتىق ئارام-سىزلاندۇرۇۋەتتى. ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى تۇرقىمغا قاراپ ئوغرى، جىنايەتچىلەرنىڭ ھالىغا قاتتىق ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. ئۇلار ئوغ-

ـرىلىق قىلىنىۋاتقاندا، ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقاندا قانداق ھالغا چۈشۈپ قا- لىدىغاندۇ؟ ئىشىككە يەنە بىر قېتىم قارىدىم. قوڭۇر رەڭلىك بىخە- تەرلىك ئىشىك كۆزۈمگە شۇنداق سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. ئۆزۈم تولۇق بىر قارارغا كەلمەيلا ئىشىكنى يەڭگىل ئۈچ قېتىم چېكىپ سال- دىم. نېمە بولسىمۇ، تەۋەككۇل دەپ تەلىيىمنى بىر سىناپ بېقىش- نى ئويلىغانىدىم. ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق تىۋىش كەلمىدى. مەن ئىشىكنى يەنە ئۈچ قېتىم چەكتىم. بۇ قېتىم بايىقىغا قارىغاندا خېلى كۈچ بىلەن چەكتىم. بايا ئىچكەن قىزىل ھاراق ئەمدىلەتىن كۈچىنى كۆرسىتىۋاتامدىكىن ياكى بايىقى جىددىيلىكىم تۈگەپ كەتتىمىكىن، ھازىر مەن خېلىلا تەمكىن بولۇپ قالغانىدىم. ئالا- ھەزەل ئۈچ - تۆت مىنۇتتىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن ئاۋۋال يېنىك- كىنە شىپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئاندىن ھېلىقى قىزنىڭ «كىم؟» دېگەن ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن، — دېدىم ئاۋازىمنى مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشىپ.

— مەن دېگەن كىم؟ — قىز ئىشىككە تېخىمۇ يېقىنلاشقاندەك قىلدى.

— مەن... مەن ئەكبەر. ئەكبەر ھۇسىيىن. سىزنىڭ پەستىكى قەۋەتتىكى قوشنىڭىز، — بۇ گەپنىڭ ئېغىزىمغا كېلىپ قالغانلى- قىدىن ئۆزۈمچە شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىم.

— بىرەر ئىشلىرى بارمىدى؟

— شۇنداق، سىزدىن بىر نەرسە سوراپ... سىزدىن بىر پىچاق سوراپ... ئۆيدىكى پىچاقنى تاپالماي...

— ماقۇل، ئەمىسە ئىشىك تۈۋىدە خاپا بولماي سەل تۇرۇپ تۇرسىلا.

ئۆزۈمچە شۇنداق ھاياجانلىنىپ كەتتىم. بۇ گەپلەرنىڭ ئېغى- زىمغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئادەم دې- گەن بېشىغا كەلگەندە قىلالمايدىغان ئىشى يوق ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. يەنە نەچچە دەقىقىلەردىن كېيىن قىزنىڭ جامال-

نى، ھېلىقى قىياپىتىنى تولىمۇ يېقىن ئارلىقتىن كۆرۈدىغانلىقىمنى ئويلاپ، يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى.

«بەدىنىگە كىيىم كىيىۋالسىچۇ...» كۆڭلۈم ئىتتىكلا يېرىم بولدى. شۇ دەقىقىدە بىخەتەرلىك ئىشىك «چاراس» قىلىپ ئېچىلدى. قىز ئىشىكنى يېرىم ئېچىپ تۇرۇپ پىچاقنى ماڭا تەڭلىدى.

— مانا!

مەن پىچاقنى ئالدىم. قىز ئىشىكنى يەنە شۇنداق يەڭگىل ياپتى.

— مەن ئەسلىي... شىپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. قىز ياتاق ئۆيگە كىرىپ كىتىۋاتقانىدى. مەن كارىدوردىكى ئاۋاز ئارقىلىق يانىدىغان تۆۋەن ۋاتلىق چىراغنىڭ يورۇقىدا قولۇمدىكى پىچاققا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. قولۇمدا چىرايلىق، ئانچە چوڭ بولمىغان بىر تال پىچاق تۇراتتى. ئىشىككە يەنە بىر قېتىم قاراپ قويغاندىن كېيىن تولىمۇ چۈشكۈن، جانسىز، روھسىز ھالەتتە پەلەمپەيدىن ئاستا چۈشۈپ كەتتىم...

ئەتىسى پۈتۈن بىر كۈن ئۆيۈمدىن چىقمىدىم. پات - پاتلا قىزنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە يوشۇرۇنچە قارايتتىم. ھېلىقى پىچاقنى قولۇمغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ نەچچە قېتىملاپ قارىغانلىقىمنى ساناپ بېرەلمەيتتىم. گويا بۇ پىچاقتا بىر سىر - ھېكمەت باردەك ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيتتىم. «بۇگۈن كەچ سەل بالدۇر، ئۇ قىز ئۆيىگە كېلىشى بىلەن تەڭلا پىچاقنى ئېلىپ چىققانلىق بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىمەن. بۇ قېتىم قانداقلا بولمىسۇن قىزنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى بىلىشىم كېرەك... ناۋادا ئۇ قىز ئۆتكەنكى قېتىمقىدەك نەچچە كۈنلەپ كەلمىسىچۇ؟» قورسىقىم ئېچىپ غۇرۇلداپ كەتتى. لېكىن پەسكە چۈشۈپ تاماق يېيىشتىن ئۆزۈمچە قورقاتتىم. پەسكە چۈشسەملا باشقىلار مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلىۋالىدىغاندەك، ئۆز - ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىرەيتتىم. توڭلاتقۇدا ئىككى تال «ئامىنە قارىقات» ئىچىملىكى، ئۈچ قۇتا «قىزىل تۆگە»

ئىچىملىكى، نەچچە تال تەرخەمەك بىلەن ئۈچ دانە تۇخۇمدىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىدى. نان قويىدىغان ئىشكاپقا قارىسام قېتىپ تاراشلىشىپ كەتكەن يېرىم ئاق ناندىن باشقا ھېچنېمە يوق... مەن تۇخۇمنى چەينەككە سېلىپ گاز ئوچاققا قويۇپ، تەرخەمەكتىن بىرنى ئاقلاپ چىشلەپ يېگەچ ھېلىقى قاتتىق ناننى شۇ پېتىلا چىدىنىگە سېلىپ چاي قايناتقۇچتىن لىقىقىدە چاي قۇيۇپ قويدۇم... ۋاقىت بەكمۇ ئاستا ئۆتەتتى. پات - پاتلا قىزنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە تىكىلىپ - تىكىلىپ قارايتتىم... مۇنچا ئۆيگە كىرىپ ساقلىمىنى يەنە ئالدىم. يۈزلىرىمگە يۈز ماي سۈرتۈپ چاچلىرىمنى يۆل قىلىپ تازا قاملاشتۇرۇپ تارىدىم. شېرىن، تاتلىق خىياللارنى قىلىپ كارىۋىتىمغا ئۆزۈمنى تاشلاپ يېتىپمۇ باقتىم. كەچتە قىز بىلەن كۆرۈشكەندە دەيدىغان گەپلەرنى بىر - بىرلەپ ئويلايتتىم...

ئاخىرى كەچمۇ كىردى. يوللاردا ئادەملەر شالاڭلىشىپ ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىكىنى بالدۇرلا مەھكەم تاقاپ دېرىزە تۈۋىگە كېلىۋالغانىدىم. قىز تۇرۇۋاتقان بىناغا كىرىپ - چىقىۋاتقان ئادەملەر خېلى كۆپ ئىدى. يېشى، تۇرقى ھېلىقى قىزغا ئوخشايدىغان قىزلار ئۇ بىنادا خېلى كۆپتەك قىلاتتى. ئۇ بىنادىكى باشقا ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى بىر - بىرلەپ يېنىشقا باشلىدى. لېكىن ھېلىقى ئۆينىڭ چىرىغىنىڭ يېنىشىدىن ئەسەرمۇ يوق. «بۈگۈن ئۇ قىز كەلمەيدىغان بولدى - دە!» تۇرۇپلا مېنى قاتتىق چۈشكۈنلۈك قاپسىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ قىزغا قاتتىق ئۆچمەنلىكىم قوزغىلىۋاتاتتى... دېرىزىگە يامغۇر تامچىلىرى چاسلداپ ئۇرۇلدى. سىرتتا يامغۇر يېغىپ كەتكەنىدى. بۇ يۇرتتا سېنتەبىر ئايلىرىدا يامغۇر يېغىش بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىدەك ھەر يىلى يازدا پۈتۈن زېمىن قۇرۇپ قاغجىراپ، بىر تېمىم يامغۇرغا زار بولغان چاغلاردا سېرىق توپىدىن باشقا بىر تېمىم يامغۇر ياغمايتتى. شۇنداقلا كۈز كەلدىمۇ ئاسماننىڭ كۆزى تېشىلىپ كەتكەندەك، كۈن ئاتلىتىپ يامغۇر يېغىپ تۇراتتى. يامغۇر خېلى قات-

تىق يېغىۋاتقان بولسا كېرەك، شارىلدىغان ئاۋازى ئېنىقلا ئاڭلى-نىشقا باشلىدى. دىققىتىمنى يىغىپ، قىزنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسى-گە شۇنچە تىكىلىپ قارىساممۇ قاتتىق يامغۇردا سىرتنى ئانچە ئې-نىق كۆرگىلى بولمايۋاتاتتى... «ھە... ي، كەلمىگەن تەلەي دېگەن زادى!...» يامغۇرغا قاراپ، يامغۇرنىڭ ئاۋازىنى تىڭشاپ، قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئۆيۈمنىڭ ئىشكىنىڭ قوڭغۇ-رىقى ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى. يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدى-غاندەك قاتتىق سوقۇپ پۈت - قولۇمدا ھېچ بىر جان - ماغدۇر قالمىدى. «بۇ يامغۇردا، بۇنچە كېچىدە كەلگەن كىمدۇ ئەمدى؟ ئا-دەمنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق چاغدا. يا مېنىڭ بۇ بىنادا تۇزۇك-رەك ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلىرىم بولمىسا...» مەن شۇنداق دەپ غۇدۇرىغىنىمچە ئالدىرىماي بېرىپ ئىشكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدا بۇلاققىنە كەلگەن چىرايلىق بىر چوكان ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم. مەن سىلىنىڭ ئاستىنقى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان قوشنىلىرى بولىمەن. تۇيۇقسىز ئۆينىڭ توكى ئۆچۈپ قالدى. شۇڭا قاراپ باقامدىكىن دەپ...، — چوكان ماڭا قاراپ تۇراتتى. «ئەرلىرى يوقمىتى؟» دەپ سورىماقچى بولدىم-يۇ، لېكىن ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم، — باشقا قوشنىلارنى چا-قىراي دېسەم، گېپىمنى ئۇقتۇرالمايدىكەنمەن. شۇڭا...

— ھېچقىسى يوق. مەن كۆرۈپ باقاي ئەمىسە!

مەن چوكاننىڭ كەينىدىن مېڭىۋېتىپ، ئۇنىڭ تولغان كاسىلى-رىغا قاراپ، دەققە ئېچىدە بولمىغۇر خىيالدىن بىرنى ئويلاپ قال-دىم. «ئەجەبمۇ تولغان نېمىكەن بۇ!» شۇ خىيال بىلەن تەڭ ھېلىقى قىزنىڭ يالىڭاچ ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، پۈتۈن بەدىنىم-نى يەڭگىل بىر تاتلىق تىترەك بېسىپ كەتتى. «مۇشۇ چوكانمۇ ئاشۇنداق يالىڭاچلانسا شۇنداق گۈزەل كۆرۈنەمدىغاندۇ؟...»

— قېنى ئۆيگە كىرسىلە.

خىيالدىن ئەسلىمگە كېلىپ، چوكاننىڭ ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمچە يۇزلىرىم لىپىلداپ تارتىشىپ كەتتى. «خىيالىمنى بىلىۋالغاندەك...»

— بولدى، ئاۋۋال مەن توك يولىنى كۆرۈپ باقاي. توكنىڭ باش رازمېرى مۇشۇ يەردىغۇ دەيمەن. ئۆيدە قولچىرىغى ياكى شامدەك بىر نەرسە بارمىدۇ؟

چوكان ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا بىر تال شامنى ياندۇرۇپ چىقتى. مېنىڭ توكچىلىقتىن ئاز - تولا خەۋىرىم بار ئىدى. شۇڭا چوكاننىڭ ئالدىدا ئانچە چېنىپ، جىددىيلىشىپ كەتمەيلا توك يولىنىڭ چاتىقىنى ئاسانلا تېپىۋالدىم.

— ئانچە چوڭ چاتاق يوقكەن. بىخەتەرلىك سىمى كۆيۈپ كېتىپتۇ شۇ.

مەن چوكاننىڭ توكىنى بىردەمدىلا ئوڭشاپ بەردىم. چوكان مەندىن تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ، مېنى ئۆيگە كىرسىلە دەپ تاقا مىختەك تۇتۇۋالدى.

— ئۆيگە كىرىپ ھېچ بولمىغاندىمۇ بىر پىيالە چاي ئىچىپ چىقسىلا، قارىسام سىلىمۇ يالغۇز ئوخشايلا. مەنمۇ يالغۇز. تېخى ھېلىراقتا گۈشنان سالغانىدىم. بىر بۇردا ئېغىز تېگىپ ئاندىن... نېمىلا دېگەن بىلەن بىز بىر قوشنا ئەمەسمۇ، ماڭىسىلا!

— بۇ... بۇ...!

— يۇرسىلە، لەۋزىمنى يەردە قويمىسىلا!

چوكاننىڭ ئۆيى بەك پاكىز ئىدى. ئۆيدىن پەقەتلا ئاياللارغىلا خاس بولغان بىر پۇراق گۇپۇلدەپ پۇراپ، رەتلىك، پاكىزلىق مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. «بۇ ئۆيدە ئۇزۇندىن بۇيان ئەر زاتى تۇرۇپ باقماپتۇ - دە!» دەپ ئويلاپ ئۇلگۇردۇم. چوكان مېنى تاشقىرىقى ئۆيدىكى يۇمشاق كىرىسلوغا باشلىدى.

— ئەر كىشى يوق ئۆي دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن مانا، — دېدى چوكام مەن پەتە قىلىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاشخا-

نىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئۈزۈپ كېتىشتۇ، ئۆيدە ئەر كىشى بولمىسا، ئادەم قاتـ
چە باياشات تۇرمۇش ئىچىدە ياشىسىمۇ، ھاياتنىڭ قىلچە ئەھمىيەـ
تى بولمايدىكەن. ئايال كىشى ھەرقانچە قابىل، ھەرقانچە ئىقتىدارـ
لىق بولسىمۇ، ھامان ئەركىشى قىلىدىغان ئىشنى قىلالمايدىكەن! ـــ
چوكان ھەش ـ پەش دېگۈچە شىرەنى ئۇششاق ـ چۈششەك يەل ـ
يېمىشلەر، پېچىنە ـ پىرەنىكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى، ـــ قېنى
ئالغاچ ئولتۇرسىلا، ھەرگىز تارتىنىپ يۈرمىسىلە. ئۆز ئۆيلىرىدىـ
كىدەك بەھۇزۇر ئولتۇرسىلا!
بۇلۇڭغا قويۇلغان ئوتتۇز بىر دىيوملۇق تېلېۋىزوردا چەت ئەلـ
نىڭ مودېل مۇسابىقىسى بېرىلىۋاتاتتى. بۇ مودېللارنىڭ بويى ئېـ
گىز، رەڭگى ھەر خىل، كىيىملىرى ئاساسەن بىر خىل بولۇپ،
ئۇلارنىڭ بەدىنىدە خۇددى ھېلىقى قىزدەك كىچىككىنە باغىرداق
بىلەن كىچىككىنە ئۈچ بۇرجەك كالتە ئىشتاندىن باشقا ھېچنېمە
يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆكسى چوڭ، پاقالچاق، يوتىلىرى، ھەتتاكى
ئىككى پۇت ئاراچلىرىمۇ ئوچۇق ئىدى. ئۇلار شۇنچە كۆپ ئادەملەرـ
نىڭ ئالدىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك شۇنداق بىمالال، شۇنداق ئەرـ
كىن، شۇنداق خاتىرجەم ماڭاتتى. تېخى ھەر خىل پوكۇس چىقىـ
رىپ، مىڭ لىۋەن ناز ـ كەرەشمىلەر بىلەن ئادەمنىڭ غىدىقىنى
كەلتۈرۈپ ماڭىدىغان بولسا، ئادەم چىدىغۇسىز شەھۋەت ئىچىدە
يىلاندەك تولغىنىپ كېتەتتى. مەن كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا چوكانغا
قاراپ قوياتتىم. كۆڭلۈمدە چوكاننىڭ تېزدىن قانال يۆتكىۋېتىشىـ
نى تىلەيتتىم. لېكىن چوكان ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر تەرەپتىن
ماڭا چاي قۇيغاچ، بىر تەرەپتىن تېلېۋىزورغا شۇنچىلىك ھېرىسـ
مەنلىك بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. ئاق سېرىق، ئېگىز بوي، تولىمۇ
چىرايلىق بىر مودېل قىز كۆكسىگە قىپقىزىل باغىرداق تاقاپ،
كىچىككىنە ئۈچ بۇرجەك كالتە ئىشتان، پۇتىغا قىسقا قونجۇلۇق
ئۆتۈك كىيىۋالغان ھالەتتە ئاپپاق قارغا پۈركەنگەن كەڭرى دالىدا
ھەر خىل تۇرۇق، ھەر خىل قىياپەت بىلەن رەسىمگە چۈشۈۋاتاتتى.

چاچلىرىنى گەدىنىگە قويۇۋەتكەن ئەر فوتوگراف قىزنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ رەسىمگە ئېلىۋاتاتتى. ئۇ شۇنچىلىك قېلىن كىيىنىۋالغانىدى. ھېلىقى مودېل قىز بىردە يالىڭاچ ئىككى تىزىنى قار ئۈستىگە قويۇپ تۆت پۈتلۈق بولۇپ، بېشىنى كەينىگە قىلىپ غەلىتە بىر ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. بىردە قار ئۈستىدە ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. بىردە ئۆرە تۇرۇپ قوللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بەدىنىنى تولىمۇ تاتلىق ھەرىكەتلەر بىلەن سىلايتتى. بىردە كىچىككىنە كالتە ئىشتىنىنىڭ يېرىمىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئېچىپ قوياتتى. ئىككى كۆكسىنى سىلايتتى... چوكان تېلېۋىزوردىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇراتتى. مېنىڭ ھېس ـ ھايا ـ جانلىرىم قوزغىلىپ ئۆزۈمچە پۈتۈن بەدىنىمنى يېنىك تىترەك بېسىپ كەتمەكتە ئىدى.

ــ نېمىدېگەن ئەركىن، نېمىدېگەن گۈزەل قىياپەتلەر ـ ھە، ئۇ، ــ دېدى چوكان ئاخىرى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ قارىسىلا، شۇنچە يېغىۋاتقان قاردا يالىڭاچ يۈرگىنىنى! ــ چوكان شۇنداق دەپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن چوكانىنىڭ كەينىدىن ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان بىر خىل ھېس ـ تۇيغۇ ئىچىدە قاراپ قالدىم. «ھېلىقى قىز بۇ نېمىلەردىنمۇ چىرايلىق» دەپ شىۋىرلىدىم ئۆزۈمگە. «ئۇ قىز ئۆيىگە كەلگەنمىدۇ...»

گۆشنان بەك ئوخشىغانىدى. قورسىقىمغا ئەتىگەندىن تۈزۈكرەك بىر نەرسە يەپ باقمىغاچقا، گۆشناننى كۆرۈپلا ئاغزىمغا سېرىق سۇ يىغىلىپ كەتتى. چوكان چىرايلىق پىچاق بىلەن ناننى تۆت پارچە قىلىپ كەسلىدى. ئۇنىڭ شۇ ھەرىكەتلىرىمۇ شۇنچىلىك نازۇك ئىدى.

ــ سوغۇق ئىچىملىك ئىچەملا؟

ــ بولدى، چاي بولغاندىكىن.

ــ ئەمىسە ئالسىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدىكىدەك بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ تارتىنماي ئالسىلا!

تېلېۋىزوردا تېخىچە ھېلىقىدەك مودېل مۇسابىقىسى بېرىلىۋا-
تاتتى.

— ئاڭلىسام سىلى بۇ بىناغا يېزىدىن يېڭىلا كۆچۈپ كەپلا،
ئۆزلىرى يالغۇز تۇرۇۋاتاملا؟

— شۇنداق، ئۆزۈم يالغۇز تۇرۇۋاتىمەن. ئايالىم بۇندىن ئون
نەچچە يىل بۇرۇن كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. بىر قىزىم بار.
ئۇ ھازىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتىدۇ.

چوكان مۇڭلىنىپ قالدى. ئۇ يەرگە قاراپ نەچچە مىنۇت ئۈن -
تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى.

— تەقدىرىمىز ئوخشاشكەن، — دېدى چوكان لەۋلىرىنى بوش-
قىنە چىشلەپ كۆزۈمگە مەيۈسقىنا تىكىلىپ. ھەيران قالدىم، ئۇنىڭ
تېخى نەچچە دەقىقىنىڭ ئالدىدىكى غەمسىز چىرايى ھەش - پەش
دېگۈچە شۇنچىلىك بىچارىلىشىپ كەتكەنىدى، — مېنىڭ ئېرىممۇ
بۇندىن ئالتە يىل ئىلگىرى بىر قېتىملىك تاسادىپىي ھادىسىدە
ئۆلۈپ كېتىپ، مەن بىر بالام بىلەن يالغۇز قالغانىدىم. شۇنىڭدىن
كېيىن يالغۇز ئۆتۈۋاتىمەن!

— بىرەر كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنمۇ ياكى...

— رەھمەتلىك پات - پاتلا ھاراق ئىچىۋالاتتى. ئۇ شوپۇر بول-
غاچقا، مەن ئۇنىڭ ھاراق ئىچىۋېلىشىغا بەكلا قارشى تۇراتتىم. بىر
قېتىم قارا قىشتا غەرق مەست بولۇپ ئۆيگە كىرىپتۇ. مەن ئۇنى
سىلكىشلەپ، ئاغزىمغا كەلگىنىچە تىللاپ چالۋاقاپ كېتىپتىمەن.
رەھمەتلىكنىڭ غورۇرى بەك كۈچلۈك ئىدى. مېنىڭ تىللىرىم ئې-
غىر كېلىپ گەپ قىلمايلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مەنمۇ قارا باس-
قاندەك يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىگىنى ئويغىنىپ قارىسام ئۇ
ئۆيدە يوق. يۈرىكىم بىر كېلىشمەسلىكنى سەزگەندەك گۈپۈلدەپ
سېلىپ كەتتى. يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ قارىسام، ماشىنا ئىشىك
ئالدىدا ئوت ئالدۇرۇقلۇق پېتى تۇرۇپتۇ. ئىتتىك بېرىپ ماشىنى-
نىڭ ئىشىكىنى ئاچسام ئېچىلمىدى. ئۇنى شۇنچە كۈچەپ تۇۋلى-

سامىمۇ ئاڭلىمىدى. ئاڭغىچە قوشنا ـ قولۇملار چىقىپ ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى چېقىپ قارىساق ئۇ جان ئۈزۈپ كېتىپتۇ. ئەسلىي ئۇ ماشىنىنىڭ ھاۋا تەڭشىگۈچىنى قويۇۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتىكەن. ماشىنا ئىچى قىزىۋېرىپ ھاۋا يېتىشمەي... چوكانىنىڭ كۆزلىرىدىن غىلىلدە ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى. ئۇ لەۋلىرىنى تېخىچە چىڭ ـ چىڭ چىشلەيتتى.

ــ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. ئەجەل دېگەن ياش ـ قېرىغا باقمايدىكەن شۇ!

ئۆيۈمگە چىقىپ ئىشىكنى گۈپپىدە تاقىدىم ـ دە، دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ھېلىقى قىزنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە قارىدىم. يامغۇر توختىغان بولغاچقا، ئەتراپنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. قىزنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسى يېپىقلىق ئىدى. بىراق بۈگۈن ئۇ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئىچكى نېپىز پەردىسى قايرىۋېتىلمىگەنىدى. بۈنىڭدىن كۆڭلۈم خېلىلا يېرىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەن دېرىزىگە قاراپ تۇرىۋەردىم. «ئېھتىمال ئۇنتۇلۇپ قالغاندۇ، سەل تۇرۇپ قايرىۋېتەر» دەپ ئويلىدىم. ئالاھەزەل تۆت ـ بەش مىنۇتچە قاراپ تۇرغان بولسامۇ، ئۇ ئۆيدىن ھېچبىر سادا يوق. قىز بۈگۈن بالدۇرلا يۇيۇنۇپ بولغانمۇ ياكى ھازىر يۇيۇنۇۋاتامدىكىن، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. دېرىزىگە قاراپ كۆزلىرىم تالدى. ساقلاۋېرىپ تاقىتىم تاق بولدى. «ھازىرلا كىرىۋەرسەمچۇ» دەپ ئويلاپ دېرىزە تەكچىسىدىن چۈشتۈم. دەل شۇ چاغدا قىزنىڭ چوڭ ئۆيىنىڭ چىرىغى «لاپ» قىلىپ ئۆچتى. ئۆزۈممۇ بىلمەيلا لېۋىمنى چىشلىدىم. بېرىپ ئىشكاپتىن ئاخشام ئىچىپ ئېشىپ قالغان قىزىل ھاراقنى ئېلىپ يېرىم رومكا قۇيۇپ ئالدىرىماي ئىچتىم. ھازىر كاللامدا يەنە قالايمىقان خىياللار پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. كۆز ئالدىمدا بىردە ئاشۇ قىزنىڭ ھېلىقى ھالىتى، بىردە تېخى ھېلىلا پەستىكى قوشنامنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزوردىن كۆرگەن ھېلىقى مودېل قىزلارنىڭ تۇرۇقى زاھىر بولۇپ، كۆڭلۈمنى بەكمۇ پاراكەندە قىلىۋەتتى. مۇشۇ تاپتا

مەن ئۆزۈمنى پۈتكۈل تۇرۇقى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن تولغان تو ـ لىمۇ نومۇسسىز بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، تولىمۇ ئارامسىزلىنىپ كەتتىم. يەنە يېرىم رومكا هاراق ئىچتىم. قىزنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسى غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. مەن مۇنچا ئۆيگە كىرىپ ئۆزۈمنى يەنە بىر قۇر تۇزەشتۇردۇم ـ دە، ئاستىلا ئۆيدىن چىقتىم. ئەتراپ يەنىلا شۇنداق سۇرلۇك ھەم جىمجىت ئىدى. يولدا، يىراق بىر يەردە ئۇچ ـ تۆت مەست بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئالا ـ تاغىل ۋارقىرىشىۋاتاتتى. «سەل تۇرۇپ سەنلەرنىمۇ ھەقىچان ‹110› ساقچىلىرى تۇتۇپ كېتىدۇ» دېدىم ئىچىمدە. بۇ بازارنىڭ ساقچىلىرى ناھايىتى سەگەك ئىدى. بۇ بازاردا ئاخشاملىرى سەللا كەچ قالغان، ئاشۇنداق ۋارقىراپ ـ جارقىرىشىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغانلارنى ساقچىلار ئىتتىكلا تۇتۇپ ئەكىرىپ كېتەتتى. مەن بۇ شەھەرگە كېلىپ نەچچە كۈن ئۆتكەن بىر كەچلىكى قورسىقىم ئېچىپ كېتىپ كونا كىنوخانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر زاسۇيپەزنىڭ مۇزلاپ قالغان ئۆپكىسىدىن بىر قاچا يەپ ئۆيۈمگە يېنىپ كىرىۋاتسام، ئالدىمغا «110» نىڭ كىچىك تىپتىكى مىنبۇس ماشىنىسى غۇيۇلداپ كېلىپ توختىدى. «نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغىيتتىم» دەپ ئويلاپ بولغۇچە ماشىنىدىن ئىككى ساقچى سەكرەپ چۈشۈپ ئالدىمغا كەلدى.

— كىم سەن؟ بۇنداق كېچىدە كوچىدا نېمە ئىش قىلىپ يۇرۇيسەن؟

— مەن... مەن... ئىسمىم ئەكبەر... ئەكبەر ھۇسيىن... مەن...

— نەدىن كەلدىڭ؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ كىملىكىڭنى ئال!

مەن ئۇلارنىڭ قوپال مۇئامىلىسىدىن مەڭدەپ گويا راستتىنلا بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزگەندەك دۇدۇقلاپ قېلىۋاتاتتىم. ئۇلار مېنىڭ دۇدۇقلىغىنىمنى كۆرۈپ ماڭا تېخىمۇ يېپىشتى. مەن يانچۇقۇمدىن

كىملىكىمنى ئېلىپ كۆرسەتتىم. ياشقىنا كەلگەن بىر ساقچى كىملىكىمنى قولۇمدىن تارتىپ ئېلىپ بىردە ماڭا، بىردە كىملىكىمگە قاراپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى.

— بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق كېچىدە كوچا ـ كويلاردا لاغايلاپ يۈرمە. ئۆيۈڭدە ئارىمىڭنى ئال! — ھېلىقى ياش ساقچى شۇنداق دېدى ـ دە، كىملىكىمنى ماڭا بېرىپ ماشىنىسىغا چىقىپ ئالدى تەرەپتىكى بىر تارچۇق كوچىدا ۋارقىرىشىۋاتقانلار تەرەپكە قاراپ ئوقتەك يۈرۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ بازارغا كېچىلىرى چىقىپ كوچا ئايلىنىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

قىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ يەنە تۇرۇپ كەتتىم. ئىشىككە قۇلۇقىمنى چاپلاپ ئۆي ئىچىگە زەن سالدىم. ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق سادا كەلمەيتتى. قۇلىقىمغا تولىمۇ يىراق، تولىمۇ يىراق بىر يەردىن كىملەرنىڭدۇر تولىمۇ بوش ئاۋازدا گۇدۇڭلاشقىنى ئاڭلانغاندەك قىلدى. «ئېھتىمال بۇ باشقا ئۆيلەردىن چىقىۋاتقان ئاۋازدۇ. ئېھتىمال بۇ تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىدۇ، ئېھتىمال بۇ...» ھېلىقى پىچاق قولۇمدا ئىدى. مەن پىچاقنى مۇشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە نەچچە قېتىم قاراپ بولغىنىمنى بىلمەيتتىم. شۇ پىچاق قولۇمدا بولغاچقىلا، بۇگۇن مەن ئاخشامقىدەك جىددىيلىشىپ، تىترەپ كەتمىدىم. كۆڭلۈمدە بۈگۈن قىزنىڭ دىدارىنى ئېنىق كۆرەلەيدىغاندەك، بىر خىل تاتلىق ھېسسىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. ئىشىكنى يەڭگىل ئۈچ قېتىم چەكتىم. نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى. ھېلىقى تولىمۇ يىراقتىن كېلىۋاتقان گۇڭگۇلداشمۇ شاپپىدە يوقاپ كەتتى. ئىشىكنى يەنە ئۈچ قېتىم چېكىپ قۇلىقىمنى ئىشىككە چاپلىدىم. ئالاھەزەل نەچچە مىنۇتتىن كېيىن سەل قوپال بىر شىپىلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ يەنە توختاپ قالدى. ئېھتىمال ئۇ سىرتتىكى شەپىگە قۇلاق سېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۆزۈمچە سەگەكلىشىپ قېلىۋاتاتتىم. ئۆي ئىچىدىن ئاڭلانغان شىپىلدىغان ئاۋاز ئاخشام

ئاڭلانغان ئاۋازغا ئوخشىمايۋاتاتتى.

— كىم؟

چوچۇپ كەتتىم. ئۆي ئىچىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ تولىمۇ بوش، يىغلىغاندەك تىترەڭگۈ ئاۋازى ئاڭلاناندى.

— مەن... مەن سىلىنىڭ ئاستىنقى قەۋەتتىكى قوشنىلىرى!

— بۇ كېچىدە بىرەر ئىشلىرى بارمىدى؟

— باشقا ئىشىمغۇ يوق. ئاخشام ئاچىققان پىچاقنى بېرىۋېتەي دەپ...

— ھە... شۇ ئىشمىدى؟ ئەتىگىچە بەرسىلىمۇ بولاتتى ئەمەسمۇ... ئۇ شۇنداق دەپ ئىشىكنى «شىرىققىدە» قىلىپ قىيا ئېچىپ قولىنى چىقاردى، — يېتىپ بوپتىكەنمىز. سەت بولدى.

ئۇ پىچاقنى ئېلىپ ئىشىكنى يەنە شىرىققىدە ئەتتى. ئىشىك تۈۋىدە تۈرۈپلا قالدىم. ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىك بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ خۇيى ئوخشايدۇ دېدىم ئىچىمدە. لېكىن ئۆزۈممۇ سەزمەيلا كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولۇپ كەتتى. «بۇ ئەر كىمدۇ؟ ئاشۇ قىزنىڭ ئېرىمىدۇ ياكى ....»

ئاستىنقى قەۋەتتىكى ھېلىقى چوكان قوشنامنىڭ ئىسمى ئايتۇنە ئىكەن. ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمىسەممۇ، ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، كىيىم - كېچەكلىرىدىن ھال - كۈنىنىڭ خېلىلا ياخشىلىقىنى بىلىۋېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەمدى ھەر ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۆيۈمگە كىرىپ بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ چىقىپ كېتىدىغان، تاماق ئېتىپ مېنى چاقىرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ قولى بەك تەملىك ئىدى. ئۇ ئەتكەن تاماقلار ئادەمنىڭ تامىقىدا قالاتتى. ئۇنىڭ تامىقىلا ئەمەس، گەپ - سۆزلىرىمۇ شۇنچىلىك تاتلىق، قىلىق - ھەرىكىتىمۇ شۇنچىلىك نازۇك ئىدى. ئادەم ئۇنىڭ تولغان بەدىنىگە قارىغانچە غەيرىي خىياللارغا چۆكۈپ ئۆزىنى يوقىتىپ قوياتتى. چوكاننىڭ سۇپسۈزۈك چېھرى، ئاپپاق بوينى، تولغان كۆكسى،

تەلمۈرۈپ تۇرغان قىزغۇچ لەۋلىرى مېنى بەزىدە سارالڭ، بەزىدە گاراڭ، بەزىدە سەۋدا قىلاتتى. بەزىدە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ تىرىك ياكى تىرىك ئەمەسلىكىمنى بىلەلمەي قالاتتىم. «راست، ئەر كىشىنىڭ ھەممىسى شەھۋەتخور كېلىدىغان ئوخشايدۇ. قېنى مېنىڭ ئاشۇ چاغلاردىكى يۈكسەك ئەقىدەم، مۇقەددەس ئېتىقادىم؟ ئەجەبا مەن ئاشۇ چاغلاردا بىر ئايالىمدىن باشقا ھېچقانداق ئايال زاتىغا غەيرىي نىيەت بىلەن تىكىلىپ قارىمايمەن، ھارام خىيالاردا ھەرگىز بولمايمەن دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ئەھدى - نىيەت قىلغان ئەمەسمىدىم؟ شۇ ئەھدى - نىيەت بىلەن ئون نەچچە يىلنى پاك، ھالال ياشاپ ئۆتكۈزگەن ئەمەسمىدىم؟ لېكىن نېمىشقا بۇ كۆنلەرگە كەلگەندە مەندە مۇشۇنداق خىياللار بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەن مۇشۇنداق سەۋدالارغا گىرىپتار بولىمەن؟ ... ئەجەبا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى قىزنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى كۆرۈپ قالغانلىقىمدىنمىدۇر؟ ياكى...» ئايتۇنەنىڭ قىلىقلىرى جان - جېنىمنى قاخشىتىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ماڭا قاراپ قاش - كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، چىرايلىرىنى سوزۇپ كېتىشىدىن مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تەشنالىقنى سېزىپ تۇراتتىم. دېمىسىمۇ ئەمدىلا ئوتتۇز ياشلاردىن ئاشقان كېلىنچەك، تولغان ئايالنىڭ ئەرسىز، بىر ئۆزى يالغۇز نەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈشى ئاسان ئەمەس ئىدى. مەن بەزىدە ئايتۇنەگە قاراپ ئولتۇرۇپ ھېلىقى قىزنى ئويلاپ كېتەتتىم. ئۇ قىزنىڭ ھېلىقى ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ مېنى تېخىمۇ بولمىغۇر خىياللارغا سۆرەپ كىرەتتى. «ئايتۇنەمۇ كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە، ئاشۇ قىزدەك جەلپكار بولۇپ كېتەرمۇ؟ ئۇنىڭ بەدىنىمۇ ئاشۇ قىزنىڭ بەدىنىدەك شۇنداق سىلىق، شۇنداق پارقىراقمىدۇ؟ ياق، مېنىڭچە ئايتۇنە كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە، ئۇ قىزدەك چىرايلىق، جەلپكار بولمايدۇ، ئايتۇنە سېمىز. ئۇنىڭ بەدىنىدە ئوشۇق ھارام گۆشلەر جىق، ئۇ ئۇنداق چىرايلىق بولمايدۇ. چوقۇم قارىسىلا ئادەمنى ھۆ تۇتۇپ كېتىدۇ...»

— ھازىرقى كۈنلەردە ئادەم تۈزۈكرەك بىر قوشنا ـ قولۇملار
بىلەن بىللە ئولتۇرماقمۇ تەسلىشىپ كەتتى، — دېدى ئايتۇنە بىر
كۈنى كەچتە مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا، —
ئۇدۇلىمىزدىكى ئاۋۇ بىناغا يېقىندا بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن كۆچۈپ
كەپتۇدەك. ئۇلارنىڭ خىزمىتى شەھەر مەركىزىدىمىش. ئۇلار يېزد-
نىڭ ھاۋاسى ساپ، شاۋقۇن ـ سۈرەن ئاز، ئارام ئېلىشقا ياخشى دەپ
بۇ بىنادىن بىر يۈرۈش ئۆي ئاپتۇدەك. ئۇلار ھەر جۈمە كۈنلۈكى
كەچتە كېلىپ، يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە غايىب بولارمىش. ئايال
تېخى يىگىرمە نەچچە ياشلاردا، ئەر قىرىق ياشلاردىن ئاشقان بول-
غاچقا، باشقا قوشنىلىرى ئۇلاردىن سەل گۇمان قىلىپ قاپتىمىش.
ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئايال چوقۇم ئۇ ئەرنىڭ يوشۇرۇن ئايالى-
مىش! ئايتۇنە گەپ قىلىۋاتقاندا يۈرىكىم زىڭىلداپ كەتتى. كاللامدا
«ئۇنىڭ دەۋاتقىنى ھېلىقى قىز بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاۋا-
تاتتىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئايال چوقۇم بىرەر ئالىي مەكتەپ-
نىڭ ئوقۇغۇچىسىمىش تېخى! — ئايتۇنە شۇنداق دەپ دېرىزىدىن
ئۇدۇلدىكى بىناغا قاراپ قويدى.
— ھازىر ئادەملەرنىڭ تاپمايدىغان گېپى يوق. بۇنداق گەپلەرگە
ئىشەنگىلىمۇ، ئىشەنمىگىلىمۇ بولمايدۇ. ئېھتىمال ئۇ ئەرنىڭ ئايا-
لىمۇ بىرەر سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ياكى بىرەر سەۋەب-
لەر بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن بولسا، ئۇ قىز بىلەن توي قىلغاندۇ
تايىنلىق، — ئايتۇنەگە قىلغان بۇ چۈشىنىكسىز، مۇجمەل گې-
پىمدىن ئۆزۈم كۈلۈپ سالغىلى تاس قالدىم. لېكىن مۇشۇ دەقىقد-
لەردە نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكىم تارتىشىپ، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ
كېتىۋاتاتتى. «ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ئۇ ئايال چوقۇم بىرەر ئالىي
مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسىمىش تېخى!». بۇ گەپ مېنىڭ قۇلاق ـ
مىڭەمنى يەپ كېتىۋاتاتتى. «خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن. قىزىمنىڭ
دىلىغا ئۆزۈڭ ئىنساپ بەرگەيسەن». ئۆزۈمچە شۇنداق دەپ پىچىرلاپ
كەتتىم. تۇيۇقسىز كاللامغا كەلگەن بىر خىيالدىن پۈتۈن بەدىنىم

جۇغۇلداپ كەتتى. دەقىقە ئىچىدە چىرايىم ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئايتۇنە ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

— بىر يەرلىرى ئاغرىۋاتامدۇ؟ نېمانداق چىرايلىرى...

— مەنمۇ بىلمىدىم، ئۆزۈمچە يۈرىكىم ئېغىپ...

ئايتۇنە بەك سەزگۈر ئايال ئىدى. ئۇ مېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ كەتكەنلىكىمنى دەرھال چۈشەندى بولغاي، كەيپىياتىمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن گەپنىڭ تېمىسىنى باشقا تەرەپكە بۇرۇۋەتتى.

— قارىسام سىلىمۇ تېخى شۇنداق قاۋۇل، ياشكەنلا، شۇنچە يىلنى يالغۇز ئۆتكۈزۈپلا. قارىغاندا بۇرۇنقى ئاياللىرىغا بەكلا سادىق ئوخشىمامدا، ئەكبەركا؟ — ئايتۇنە ماڭا ئاستىرىتتىن قاراپ قويدى. ھازىر ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، يۈزلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— نېمە دېسەم بولار، ئىش قىلىپ، ئۇ ماڭا بەكلا سادىق، بەكلا كۆيۈمچانىدى. ئۇنىڭ ماڭا قىلغانلىرىنى ئويلىسام ھازىرمۇ ئىچىمگە ئوت كېتىدۇ. ئۇ شۇنداق مۇلايىم، شۇنداق ۋاپادار، شۇنداق سەممىي ئايال ئىدى!

— «ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلۈۋالغىلى بولمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار، ئەكبەركا. ھېلىمۇ سىلى يالغۇز ئون نەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈپلا، سىلىدەك ياش، قاۋۇل بىر ئەرنىڭ ئون نەچچە يىلنى ئۆتكۈزمىكى ئاسان ئەمەستۇ ھەقىچان؟ سىلىدىن باشقا ئادەم بولغىنىدا بۇ كەمگىچە نەچچە قېتىم ئۆيلىنىپ بولغان بولاتتى. ھېلىمۇ سىلى بەك چىداشلىقكەنلا، ئاياللىرىغا ھەقىقەتەن سادىقكەنلا، ئەمدى يەنە بۇنداق ئۆتۈۋەرسىلە ئاياللىرىنىڭ روھىمۇ قورۇنۇپ قالارمىكىن!

— يېزىدىكى ۋاقتىمدىمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلار، ئەتراپىمدىكىلەر شۇنداق گەپلەرنى جىق قىلغان ئايتۇنە. لېكىن مەن ئىزچىل تۇردە ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىماسقا سېلىپ كەلدىم. دېگىنىڭىزدەك بىر ئەر كىشى ئۈچۈن ئون نەچچە يىلنى ئەمەس، بىر - ئىككى يىلنى يالغۇز ئۆتكۈزۈشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس. بىراق مەن ھەر قېتىم

شۇنداق خىياللارنى قىلغان ۋاقتىمدا بۇ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر يۈرەك پارەم بولغان قىزىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ. رەھمەتلىك ئايالىم كۆز يۇمۇش ئالدىدا مەن نېمە قىلساممۇ رازى بولىدىغانلىقىنى، لېكىن قىزىمىزنى ھەرگىز خەقنىڭ ئالدىدا بويۇن قىستۇرۇپ قويماسلىقىمنى قايتا ـ قايتا دەپ كەتكەنىدى، شۇڭا...

— ھە... ئەمدى چۈشەندىم. سىلى ھەقىقەتەن مەن ئويلىغاندەك ۋاپادار ئەر، مەسئۇلىيەتچان دادا ئىكەنلا. مەن سىلىنىڭ تۇرۇقلىرىنى كۆرۈپلا سىلىنىڭ ئۆزلىرىگە بەك ئىشىنىدىغان، ئەرلىك غۇرۇرلىرى بىلەن ياشايدىغان ئادەم ئىكەنلىكلىرىنى پەرەز قىلغانىدىم!

ئايتۇنە بىلەن نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. ئۇ يالغۇزلۇقىنىڭ دەردىنى قانچە تارتسىمۇ، بىراق بىر تال ئوغلىنى ياتنىڭ قولىغا، ئۆگەينىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويماسلىق ئۈچۈن ھازىرغىچە يالغۇز ئۆتۈۋاتقانىدى. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن قارىغاندا ئوبدانراق يەردىن لايىق چىقىپ قالسا، بېشىنى ئوڭشىۋېلىش خىيالىمۇ باردەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنداق ئاياللار ئۈچۈنمۇ يالغۇز ئۆتۈۋېرىش ئۇنچە ئاسان ئەمەستە!

ئايتۇنەنىڭ گەپلىرى مېنى يەنە باشقىچىلا ئادەم قىلىپ قويدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمچە ھېلىقى قىزنىڭ ئۆيىگە قاراشتىن خۇدۇكسىرەيدىغان، شۇ ئۆيگە قارىسامىلا يۈرىكىم سېلىپ، كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. «ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ئۇ ئايال چوقۇم بىرەر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسىمىش. ئۇ ئايال ئۇ ئەرنىڭ يوشۇرۇن ئايالىمىش.» كۆڭلۈمگە ھەر قىسما خىياللار كېلەتتى. بۇ خىياللاردىن تەن ـ تېنىم جۇغۇلداپ كېتەتتى. «خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، خۇدا ئۆزۈڭ ئىنساپ بەرگەيسەن» دەپ توختىماي پىچىرلايتتىم. ئۇنى دېمىسىمۇ ھازىرقى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى ئادەمنى ھەقىقەتەن ئەنسىرىتەتتى. پۇلدارلار، ئەمەلدارلار قىزلارنى،

قىزلار ـ قىزلارنى ئالدىشىپ يۈرگەن مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ قىـ. زىمنىمۇ باشقىلارغا ئالدانمايدۇ، باشقىلار مېنىڭ قىزىمنىمۇ ئال. دىمايدۇ دېگىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە قىز بالا دېگەننىڭ چىرايلىق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، پۇل ـ پۇچەك، كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەتلەرنى كۆرگەندە ئاسانلا كۆزى كور بولۇپ ئەقلى كېسىلىپ، سىمابتەك ئېرىپ كېتىدىغان نېمە تۇرسا! ناۋادا ... مەنغۇ قىزىمنى پۇل ـ پۇچەكتىن زادىلا قىسىپ قويمىدىم. لېكىن شۇنداقتىمۇ... خەقلەردىن دائىم «دادىسى يوقنىڭ پودىقى چوڭ، ئا. نىسى يوقنىڭ بىر نېمىسى» دەپ ئاڭلايتتىم. ئەجەبا بۇ ئۇلارنىڭ نېمە دېگىنى بولغىيتىكىنە؟...

بارا ـ بارا ئايتۇنەنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتىم. راست دېگەندەك ھېلىقى قىزنىڭ ئۆيىنىڭ چىرىغى ھەر جۈمە، شەنبە كۈنلىرى، بەزىدە ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىدە بىرەر قېتىم يېنىپ قالغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئاسان يانمايتتى. قىش كىرىپ قالغان بولغاچقا دېرىزە پەردىلىرى ياز كۈنلىرىدىكىدەك تولۇق قايرىۋې. تىلمەيتتى. شۇڭا ئۆيىنىڭ چىرىغى ياندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى زادىلا كۆرگىلى بولمايتتى. بۇنىڭدىن مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ كۆڭلۈم خېلىلا پاراكەندە بولاتتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە قاراشتىن زادىلا ۋاز كەچمىدىم. بولۇپمۇ ھەر جۈمە، شەنبە كۈنلىرى پۈتۈن دىققىتىم ئاشۇ ئۆيدە بولاتتى. بەزىدە ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن شۇنداق نو. مۇس قىلاتتىم. باشقىلار مېنىڭ مۇشۇ ئىشلىرىمنى بىلىپ قالغاز. مىدۇ دەپ ئۆزۈمچە ئەتراپىمغا قاراپ قوياتتىم. كۈندۈزلىرى ئۇ. يان ـ بۇيانغا ئۆتكەنلىك بولۇپ، ئۇ بىنانىڭ ئالدىغا بېرىپ باش. قىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە يوشۇرۇنچە قۇلاقمۇ سېلىپ باقاتتىم. ماڭا بىر ساقايماس سەۋدا يۇققاندەك مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادىم شۇ ئۆيدە، ئاشۇ قىزدىلا قالغانىدى.

بۈگۈن جۈمە كۈنى بولغاچقا، چۈشتىن كېيىن بالدۇرلا سىرتقا

چىقىپ ھېلىقى بىنانىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، دۇكان ئارىلاشقا باشلىدىم. بۇگۈن ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، ئاندا ـ مۇندا قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى. مەن ھېچنەرسە ئالمىسامىمۇ دۇكانلارنى ئارىلاپ ئۇنى ـ بۇنى كۆرگەچ ۋاقىت ئۆتكۈزمەكتە ئىدىم. ئۆزۈم دۇكاندا بولغىنىم بىلەن كۆزۈم بىنانىڭ ئالدىدا، ھېلىقى قىزنىڭ ئۆيى بار ئىشىكتە ئىدى. قىرىشقاندەك بۈگۈن بۇ بىنانىڭ ئالدىدا ئادەملەر ناھايىتى كۆپ، ئۇ بىناغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ھاۋا سوغۇق بولۇپ ئادەملەر قېلىن كىيىنىۋالغان ھەم كۆپىنچىسى باشلىرىنى ئىچىگە تىقىۋالغان بولغاچقا، ئاسانلىقچە تونۇغىلى بولمايتتى. كۆزۈمگە ياشراق، ئېگىز بوي قىز ـ ئاياللار كۆرۈنگۈدەك بولسا، يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ تاكى ئۇ ئايال بىناغا كىرىپ كەتكۈچە ئارقىسىدىن تىكىلىپ قارايتتىم. «مۇشۇلارمۇ ئۆيىگە كىرىپ كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە، ھېلىقى قىزدەك جەلپكار بولۇپ كېتەرمۇ؟» دەپ ئويلاپ ئۆزۈمچە ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىز ـ ئاياللارنىڭ پاچاقلىرىغا ئوغرىلىقچە قاراپ قوياتتىم... ئەتراپ بارا ـ بارا قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى. سوغۇق كۈچىيىپ غۇر ـ غۇر شامال چىقىشقا باشلىدى. بىنا ئالدىدىكى ئادەملەرمۇ ئاستا ـ ئاستا تارقاپ، بىنا ئالدى شۇنداقلا شالاڭلىشىپ قالدى. مەن ئۇ قىزنى كۆرمەي قېلىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتىمىكىن دەپ نەچچە قېتىم يولغا چىقىپ، ھېلىقى دېرىزىگە قاراپ باقتىم. لېكىن قىز كەلگەندەك قىلمايتتى. مەن يەنە ئارقامغا يېنىپ ھېلىقى بىنانىڭ ئالدىدىكى بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلدىم. بۇ دۇكانغا مەن باياتىندىن بېرى بەش ـ ئالتە قېتىم كىرىپ بولغانىدىم. دۇكان خوجايىنى دۇكىنىنى تاقاۋاتقانىكەن، مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ توختاپ قالدى.

— تاماكا، بىر قاپ تاماكا ئالاتتىم، — دېدىم دۇكاندارغا. دۇكاندار مېنىڭ ئۇستىبېشىمغا تولۇق قاراپ چىققاندىن كېيىن «ھە...ي» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ تاماكا ئېلىپ بەردى. يانچۇقۇمدا قولۇمدىكىگە ئوخشاش تاماكىدىن بەش قاپ بار ئىدى. ئە-

مەلىيەتتە مەن تاماكا چەكمەيتتىم. ئەڭ ئاخىرقى دۇكانمۇ تاقالدى. ئەمدى مەن داۋاملىق بۇ بىنانىڭ ئالدىدا چۆرگىلەپ يۈرسەم بولمايتتى.

ئۆيۈمگە چىقىپ كېتىۋېتىپ ئايتۇنەنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، بىرسى كاماندا بەرگەندەك شىپپىدە توختاپ قالدىم. هازىرقى مۇشۇ مىنۇتلاردا نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى ئويلاپ قېلىۋاتاتتىم. قۇلاق تۈۋىمدە ئۇنىڭ ئۆتكەندە مېنىڭ ئۆيۈمدە دېگەن هېلىقى گەپلىرى قايتا شىۋىرلىغاندەك قىلدى... كۆزۈم قىيمىغان، كۆڭلۈم قويمىغان هالدا ئۇنىڭ ئىشىكىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ قويۇپ ئۆيۈمگە چىقىپ كەتتىم. ئۆيگە كىرىپلا ئۆزۈم سەزمىگەن هالدا يەنە دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ هېلىقى قىزنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە قاراپ قويدۇم. بۇنداق قىلىش گويا ماڭا شەرتلىك رېفلېكس بولۇپ قالغانىدەك، مەيلى قانداقلىكى ۋاقىتتا ئۆيگە كىرمەي ئەڭ ئاۋۋال ئاشۇ ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قارىماي قالمايتتىم. ئۇ ئۆينىڭ چىرىغى يەنىلا ياندۇرۇلمىغانىدى. ئۆزۈمچە كۆڭلۈم ناهايىتى يېرىم بولدى. دېرىزە پەردىسىنى كىمگىدۇر قېيىدىغاندەك خېلى كۈچ بىلەن «شاررىدە» يېپىۋېتىپ، ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇردۇم. قولۇم هېچ ئىشقا بارمايتتى. يانچۇقىمدىكى بىكاردىن - بىكارلا ئالغان ئالتە قاپ تاماكىنى ئېلىپ شىرەگە تاشلاپ قويدۇم. پۇتۇنلەي قۇرۇقدىلىپ قالغان كاللامغا هېچنەرسە كەلمەيتتى. ئالاهەزەل بىرەر - يېرىم سائەتچە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ «ئۇ قىز... ئۇ قىزنىڭ ئاشۇ تۇرۇقى شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرۇقىنى كۆرگەن دەقىقىلەردە ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئاجايىپ بىر تىلسىملىق ئاتەش سەۋدا بولۇپ قالغانىدىم. قىرىق ياشلاردىن ئاشقاندا ئۆزۈمنىڭ بۇ هالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىمدىن هەقىقەتەن ئەنسىرەپ قالدىم... قىزنىڭ هېلىقى تۇرۇقى يەنە كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. مېنى يەنە بولمىغۇر خىياللار ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى. ئىشكاپتىن قىزىل هاراق ئېلىپ

ئارقا - ئارقىدىن نەچچە رومكا ئىچىۋەتتىم. ھەربىر رومكا ئىچ-كەندە ھېلىقى دېرىزىگە بىر قېتىم قارايتتىم...

شۇ كېچە مېنى قارا بېسىپ زادىلا ئۇخلىيالماي، تاڭ ئاتارغا يې-قىن قاتتىق ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئىشىك قوڭغۇرىقى ئار-قا - ئارقىدىن جىرىڭشىپ كەتتى. چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كى-يىملىرىمنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئىشىكنىڭ يېنىغا باردىم.

— كىم؟

— مەن... مەن ئايتۇنە، ئىشىكنى ئاچسىلا، تېز بولسىلا!

ئايتۇنەنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئىت-تىك دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ سىرتقا قاراپ كەتتى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ مەنمۇ سىرتقا قارىدىم. سىرتتا — ھېلىقى بىنانىڭ ئالدىدا ئۈچ ساقچى ماشىنىسى بىلەن نەچچە ئون ساقچى تۇرۇپتۇ. ماشىنا ئەتراپىغا خېلى كۆپ ئادەملەر توپلىشىۋالغانىدى. يۈرىكىم قانداق-تۇر بىر كېلىشمەسلىكنى سەزگەندەك «قارتتىدە» قىلىپ كەتتى.

— مەن ھامان بىر كۈنى مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى سەزگەن زادى، — دېدى ئايتۇنە سىرتقا قاراپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلى-گەندەك تولىمۇ بوش ئاۋازدا، — مەن سىلىگە ئۆتكەندە دېگەن ھې-لىقى ئەر - خوتۇنلار راستتىنلا تېخى توي خېتىمۇ ئالمىغان يو-شۇرۇن ئەر - خوتۇنلار ئىكەن. ھېلىقى قىز شەھەرلىك ئۇنىۋې-رسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەن. ئەر شەھەردىكى مەلۇم بىر كار-خانىنىڭ باش دىرېكتورى ئىكەن. ئۇنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن ئۇزۇندىن بۇيان گۇمانلىنىپ يۈرگەچكە، بىر ئادەمنى يۇقىرى باھا بىلەن سېتىۋېلىپ، ئېرىنىڭ كەينىگە سېلىپ قويغانىكەن... ھېلىقى قىز بىلەن ئۇ دىرېكتور بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇنلا تونۇشۇپ يوشۇرۇن ئەر - خوتۇن بولۇپ يۈرۈشكەنىكەن. ئۇلار دەسلەپتە شەھەردىن بىر يۈرۈش ئۆي ئىجارە ئېلىپ بىللە تۇرۇپتۇ. كېيىنچە ئۇ دىرېكتور ئايالىنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىگە

ئادەم سېلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ بۇ يەردىن بىر يوروش ئۆي ئېلىپ ھېلىقى قىز بىلەن يوشۇرۇن ئۆي تۇتۇپ ئۆتتۇۋاتقان-كەن. دىرېكتورنىڭ ئايالى سېتىۋالغان ھېلىقى ئەر بۇ ئەھۋاللارنى-مۇ تەپسىلىي ئىگىلەپ ھېلىقى ئايالغا مەلۇم قىپتۇ. ئۆزىنىڭ بىر ئاياللىق ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ، بىر ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممى-تىنىڭ دەپسەندە قىلىنغىنىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئايال ئاچچى-قىغا پايلىماي يەنە بىر ياقا يۇرتلۇق ئىشلەمچىنى سېتىۋېلىپ ئېرى بىلەن ھېلىقى قىزنى بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرىلا مۇشۇ ئۆيدە ئۆلتۈرگۈزىۋېتىپتىكەن. ساقچىلار باشقىلارنىڭ بەزىبىر ئىنكاسىغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ بۈگۈن بۇ ئىشنى بايقاپتۇ. جەسەت-لەر قىيپالىڭاچمىش...

«ـــ ھازىر دېگەن پۇلى بارلار، يولى بارلار، مەنسەپ ـ ھوقۇقى بارلار تازا ئوينىۋالىدىغان چاغكەن، ـــ دېدى ھېلىقى بىنانىڭ ئال-دىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى كۆزئەينەك تاقىۋالغان بىرى ئەتراپتىكىلەرگە مەغرۇر قاراپ قويۇپ، ـــ پۇللا بولسا شە-ھەر ـ شەھەردىن ئۆي ئېلىپ قويۇپ، ھەر ئۆيدە بىردىن خوتۇن بىلەن بىللە تۇرسىمۇ ھېچكىم بىلمەيدىغان، بىلسىمۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بىزنىڭ ماۋۇ ھېلىم غوجايىنىمۇ شەھەردىن بىر يوروش ئۆي ئېلىپ شەھەرلىك بىر قىز بىلەن يو-شۇرۇن توي قىلىۋاپتۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ!

ـــ ۋاي ئۇ ئىشقا خېلى ئۇزۇن بولغان. ھازىر شۇ خوتۇنىنىڭ دەردىدە ھېلىماخۇنىڭمۇ چىچار يېرى سامانلىق بولغان ئوخشايدۇ.

ـــ قانداق بولۇپ ئەمدى؟

ـــ قانداق بولاتتى. ھېلىم غوجايىن شەھەرگە سالغان قورۇ-لۇشقا كەتكەن نەچچە يۈز مىڭ يۈەنلىك ماتېرىيالنىڭ ھەممىسىنىڭ تالونىنى ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇ قىزغا ساقلاشقا بېرىپتىكەن. ئەمدى ئۇ قىز يا بۇرۇنقى ئاياللىرىنى قويۇۋېتىسەن، يا مەن خېتىمنى ئالىمەن دەپ تۇرىۋاپتۇدەك. ئۇ قىزنىڭ خېتىنى بېرەي دېسە، شەھەردىكى

قۇرۇلۇشنى ئالىمەن دەيمىش. بۇرۇنقى ئايالىنى قويۇۋېتەي دېسە، بەش بالىنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ قىيىنچىلىق مەزگىل-لەردە تونۇشۇپ توي قىلىپ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى تەڭ تارتقان قەدىناس ئايال تۇرسا! هازىر هېلىقى غوجايىننىڭ كۆنلىرى خېلى تەسمىش. شەھەرلىك قىز هە دېسە، بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىلمىساڭ، سوت ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىمەن دەپ قورقاق سالارمىش!

— شۇڭا يېقىنىنىڭىياقى هېلىم غوجايىن بەكلا سولىشىپ كې-تىپتىكەن - دە!

— هەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ دەپ، هە....ي!

— ئويىنىدى، ئويىنىۋالدى دېگەن بىلەن ئىگىسى بار جاهان بۇ باللا. «ئىتنىڭ ئىنجىقى يەردە قالماپتۇ» دەپ، ئادەم هامان بىر كۈ-نى قىلغان - ئەتكەنلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىغان گەپ!

— بىزنىڭ مۇشۇ بىنادىكى هېلىقى قوشنىلىرىمىزمۇ تازا نور-مال ئەر - خوتۇنلار ئەمەسكەن جۇمۇ. ئۇلارنىڭ يورۇش - تۇرۇشىدىن قارىغاندا ئۇلارمۇ چوقۇم ياكى يوشۇرۇن توي قىلىۋالغانلار، ياكى توي قىلماي ئاشنا - ئاداش بولۇپ بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلار ئوخشايدۇ!

— توۋا دەڭلار، توۋا. ھەرقانچە بولسىمۇ بېرىپ - كېلىپ بىز-نىڭ بىنادا بۇنداق ئىش يۈز بەرمەس ئەمدى!...

— هازىر ئۇنداق ئىشلارنىڭ بىر بىنادا ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدە يۈز بەرمىگىنىگە شۈكرى دېسەك بولىدۇ!

بۇنىڭدىن نەچچە ھەپتە بۇرۇن مەن ئاشۇ بىنانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئاشۇ بىنادا ئولتۇرىدىغان بىرقانچە مويسىپىتنىڭ دېيىشكەن ئاشۇ گەپلىرى قۇلاق تۈۋىمدە قايتا جاراڭلاپ ئۆتكەندەك بولدى. «قىز شەھەرلىك ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىسىكەن!»... ئۆزۈمچە كۆ-زۈمگە قىزىللىق تىقىلىپ يۈت - قولۇم دىرىلدەپ تىترەپ، تىنىد-قىم توختاپ قالغاندەك، تىنالماي تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتاتتىم. دە-

لىمدا، يۈرىكىمدە «خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، قىزىمغا ئۆزۈڭ ئىنساپ بەرگەيسەن، خۇدا!» دەپ نىدا قىلاتتىم. دەل شۇ چاغدا ئىشىك قوڭغۇرىقى يەنە جىرىڭلاپ كەتتى. ئۆپكەم ئاغزىمغا كەپلىشىپ يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئايتۇنە بىلەن تەڭلا بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق. ئۇنىڭ چىرايلىق، دوغىلاقىنە كەلگەن يۈزلىرى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەنىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ تېخىچە كىچىلىك ئۇخلاش كىيىمى بىلەن تۇرغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالدىم ـ دە، ناھايىتى تېزلىك بىلەن كىيىملىرىمنى كىيىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك تۈۋىدە قىزىم ماڭا چەكسىز ئېچىنىش ئىچىدە قاراپ تۇراتتى!

2008 ـ يىلى، قەشقەر ــ يوپۇرغا

# ماموت سەپرا

قوشنا ئۆيدىكى ھاڭگا ئېشەكنىڭ چىڭقىلىپ ھاڭرىغان ئاۋازىدىن ئۇيقۇغا كۆزى ئىلىنىشقان ماموت خوددى چۈشەكىگەندەك چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. «ئاپلا، شۇنچە قىلسامۇ يەنە ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئۇ بىر نېمە قېچىپ كەتمىگەندۇ - ھە!» ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرگەن پېتى ياندىكى ئۆيگە چىقتى. بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىدىكى كونىراپ كەتكەن قۇلۇپ ئۆز پېتى تۇراتتى.

— ئۇھ، خۇداغا شۈكرى، ئۇ تېخى باركەن.

ماموت ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى - دە، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپلا پېشانىلىرىدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى سۈرتكەچ شۇنداق دەپ پىچىرلىدى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى ئەسكى - تۈسكى يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشلار ئەتراپىدىكى چىرايلىققىنا بىر قىز ئىشىككە قاراپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى. قىز ماموتنى كۆرۈپلا خوددى يولۋاستىن ئۈركىگەن توشقاندەك ئۆزىنى بۇلۇڭغا ئاتتى.

— يېقىن كەلمە، ماڭا يېقىن كەلمە!

— ما... ما... ماقۇل... مەن ساڭا يېقىن كەلمەيمەن. مەندىن قورقما، — ماموت كېكەچلەپ ئاستىلا كەينىگە ياندى. ئۇنىڭ پېشانىلىرىدىن، يۈز - كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاچچىق تەر قۇيۇلاتتى، — مەن سېنى ئۇسساپ كەتتىمىكىن دەپ ... سۇ ئىچەمسەن؟

— ياق! سەندەك نېمىنىڭ سۈيىنى ئىچكىلى بولاتتىمۇ؟

— ئەمىسە قورسىقىڭ ئاچتىمۇ، نېمە يەيسەن؟

— ھېچنېمە يېمەيمەن. ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسا مېنى قويۇۋەت!

— ياق، ياق، قويۇۋەتسەم بولمايدۇ. مەن سېنى قويۇۋەتسەم بولمايدۇ!

— ئەمىسە مېنى زادى نېمە قىلاي دەيسەن؟ مېنى بۇ سېسىق ئۆيۈڭگە سولۇۋالغىلى ساق بىر كۈن بولدى. يا گېپىڭنى ئۇچۇق دېمەيسەن، يا مېنى قويۇۋەتمەيسەن. ھازىر كەچ بولدى. دادام بىلەن ئانام بۇ كەمگە ئەنسىرەپ... — قىز مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى، — سەل تۇرۇپ ئۇلار يا ئۆزلىرى ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئىزدەيدۇ، يا ساقچىلارغا خەۋەر قىلىدۇ. ئۇ چاغدا...

— گەپ قىلما، گەپ قىلما پاتەم. ماڭا ئۇنداق گەپلەرنى دەپ مېنى قورقۇتما.

— قورقىدىغان ئادەم نېمىشقا مېنى سولۇۋالىسەن؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىش قىلىپ سېنى بىر تۇتقۇن قىلىۋېلىشنى ئۇزۇندىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتقانمەن. بۈگۈن ئاخىرى مەقسىتىمگە يەتتىم.

— قىزىق، مېنى تۇتقۇن قىلىۋېلىپلا مەقسىتىڭگە يەتتىڭمۇ؟

— سەن بىلمەيسەن، سەن بىلمەيسەن پاتەم، سەن بىلمەيسەن!

مامۇت ئىشىك تۈۋىدە بېشىنى ئالىقانلىرى بىلەن قاماللاپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىن، پۈتۈن بەدىنىدىن شۇرۇلداپ ئاچچىق تەر قۇيۇلاتتى.

— ئەسلىي ساڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلمىسام بولاتتى. بىراق سەن مېنىڭ بەك ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈۋەتتىڭ، مەن زادىلا چىدىيالماي قالدىم.

— مەن قانداق قىلىپ سېنىڭ شۇنچە ئاچچىقىڭنى كەلتۈرۈۋەتتىم، سەن مېنىڭ نېمە ئىش قىلغىنىمغا چىدىيالماي قالدىڭ؟

— ئۇنى دېمەيمەن، ئۇنى دېيەلمەيمەن پاتەم. ئىش قىلىپ مەن ساڭا بەك ئۆچ، سېنى كۆرسەملا ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچىدۇ. سېنى بوغۇۋەتكۈم، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىدۇ!

— ساراڭ، سەن راستتىنلا ساراڭ بولۇپ قالغىلى تۇرۇپسەن!

— مەنمۇ ئۆزۈمچە ئۇنچە ساق ئادەم دەپ كەتمەيمەن، ھازىر بولمىساممۇ ھامان بىر كۈنى ساراڭ بولۇپ قالىمەنغۇ دەيمەن.

— سەن خېلى ئوبدان ئادەم ئىدىڭ، ھازىر كۈندىن - كۈنگە سەپرالىشىپ كېتىپسەن. سەن راستىنلا ساراڭ، سەپرا بولۇپ قاپسەن!

— مېنى نېمە دەپ تىللىساڭمۇ كارىم يوق. ئىش قىلىپ، مەن سېنى بۈگۈن بۇ ئۆيدىن چىقىرىۋەتمەيمەن!

— ئۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭگە ئىش تېپىۋالىسەن. ناۋادا ئۆيدىكىلىرىم سېنىڭ تۇتقۇن قىلىۋالغىنىڭنى بىلىپلا قالسا، ئۇلار يا ئۆزلىرى كېلىپ سېنى ئۇرۇپ پۇت - قولۇڭنى چېقىۋېتىدۇ، يا ساقچىلارغا خەۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەن بىكاردىن - بىكار سولاققا چۈشۈپ قالىسەن. ھېلىقى چوڭ ئاكامنىڭ ئاچچىقىنى ئۆزۈڭ بىلىدىغانسەن؟

— بىلىمەن، لېكىن مەيلى. سەن ئۈچۈن تاياق يېسەممۇ، سولاقتا ياتساممۇ ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن.

— نېمىشقا؟

— بىلمەيمەن.

— ساراڭ، سەپرا!

ئۆي ئىچى بارا - بارا قاراڭغۇلىشىپ تېخىمۇ دىمىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۆينىڭ تېگى - تېگىدىن بىر خىل زەي، سېسىق پۇراق گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى. بۇرگىدەك بىر نەرسە قىزنىڭ يۇمران پۇت - پاقالچاقلىرىنى چېقىپ ھۆررەك - ھۆررەك ئىششىتىۋەتكەنىدى.

— سەن مېنى تۇتقۇن قىلىۋېلىپ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ يا دادامدىن پۇل ئالماقچىمۇ، يا...

— ياق، ياق، ئۇنداق گەپنى دېگۈچى بولما، مەن ھەرقانچە يوقسىز بولساممۇ ئاش - نانغا، پۇل - پۇچەككە خېلى كۆزۈم توق، ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن.

— ئەمىسە نېمىشقا تۇتقۇن قىلىنۇالىسەن؟

— بايا دېدىمغۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن دەپ.

مامۇت يۈز ـ كۆزلىرىدىن چىپىلداپ ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى سۈرتۈپ ئىشىك تۈۋىدە يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. قىز بۇرگە چېـ قىۋالغان يەرلىرىنى كارتىلدىتىپ قاشلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— مېنى بۇ ئۆيدىن چىقىرىۋەت. ھېچبولمىغاندىمۇ ھويلاڭغىمۇ بولسا چىققىلى قوي، بۇ ئۆيۈڭدە بۇرگە بەك جىقكەن، ئۇنىڭ ئۇسـ تىگە زەي پۇرايدىكەن، دىمىقتا قىينىلىپ كەتتىم...

— مېنىڭمىغۇ شۇنداق قىلغۇم بار. بىراق سەن ھويلىغا چىـ قىپلا ۋارقىرىساڭ...

— ياق، ۋارقىرىمايمەن. ماڭا ئىشەن، مەن ۋارقىرىمايمەن.

— ئەمىسە گېپىڭ گەپ جۇمۇ، ۋارقىرىمايسەن.

— گېپىم گەپ، ۋارقىرىمايمەن.

قىز ھويلىغا چىقىپ ئۇھ دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. مامۇت تال باراڭنىڭ ئاستىدىكى غىچىرلاپ تۇرىدىغان كونا كارىۋاتقا بىر كونا كۆرپىنى سالدى.

— بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇر. لېكىن ۋارقىرايمەن دەپ خام ـ خىيال قىلما. بولمىسا يۈز ـ خاتىرە قىلمايمەن.

قىز كارىۋاتقا كېلىپ پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. مامۇت شاللىرى قېيىپ شالاڭلىشىپ كەتكەن قوش قاناتلىق دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقىۋېتىپ تامغا يۆلەپ قويغان بىر كۆتەكنىڭ ئۈستىدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى.

— مېنىڭ سېنى پەقەت بۇنداق ئازابلىغۇم يوق ئىدى. بىراق... بىراق سەن مېنى پەقەت كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ، سەن مېنىڭ بەك ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈۋەتتىڭ.

— نېمىشقا ئۇنداق ئويلايسەن؟ مەن قانداق قىلىپ سېنىڭ ئاچچىقىڭنى كەلتۈرۈۋەتتىم. ماڭا راست گېپىڭنى دېگىنە، سەن مېنى زادى نېمىشقا تۇتقۇن قىلىۋالىسەن؟

— باشقا مەقسىتىم يوق. پەقەت ساڭا يورىكىمدىكى گەپلىرىمنى دەۋالساملا، سىنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويىمەن.

— ماڭا دەيدىغان قانداق گىپىڭ بار ئىدى؟ بىز كونىدە كۆرۈشۈپ تۇرغاندىكىن يولدا، ئىتىزلىقلاردا دىسەڭمۇ بولاتتىغۇ؟

— شۇ... شۇ دىيەلمەيدىكەن. كوندۈزلىرى باشقىلارنى كۆرۈپ قالامدىكىن، سىنى گىپىمنى ئاڭلىماي سىلكىۋىتەمدىكىن دەپ قورقىدىكەنمەن.

— زادى شۇنچە دىيەلمىگۈدەك قانداق گەپتى ئۇ؟

— بۇ... ئەمىسە گىپىمنى دىسەم مىنى زاڭلىق قىلمايسەن جۇمۇ.

— زاڭلىق قىلمايمەن.

— راست - ھە!

— راست.

— خۇدا ھەققى دە!

— شۇ... شۇ... مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم!

— نىمە، نىمە دىدىڭ؟ ساراڭ، سەن راستىتىنلا ساراڭ بولۇپ قاپسەن، شۇنداق گەپنىمۇ دەمسەن ماڭا؟ — قىز شاققىدە ئورنىدىن تۇردى، — بۇنداق گەپ قىلساڭ ۋارقىرايمەن.

مامۇت تىخىمۇ ئىزىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىۋەتكۈدەك بىر خىل مىسكىنلىك ۋە مۆلۈك تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— خاپا بولمايمەن دەيسەن، گەپنى دەپ بولغۇچە خاپا بولدۇڭ مانا، — مامۇت بىشىنى خۇددى يەرگە تىگىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئىگىپ جىم بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ قىزنىڭ ئۇ-نىڭغا بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— ياق، خاپا بولمىدىم. بىراق بۇنداق گەپنى دىسەڭ ئادەم ئىزا تارتىدىكەن شۇ.

— مەن بىلەتتىم، سىنىڭ گىپىمنى ئاڭلاپلا خاپا بولۇپ كى-

تىنىشىڭنى بىلەتتىم.

قىزنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى. ئۇ مامۇتنىڭ بۇنچە ياۋاشلىقىنى، مۇلايىملىقىنى، كۆڭلىنىڭ بۇنچە نازۇكلۇقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى...

مامۇت بىلەن پاتىگۇللەر بىر مەھەللىلىك بولۇپ، مامۇت يالغۇز ئوغۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىلگىرى ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن تۈ ـ گەپ كېتىپ، ئۇ ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قالدى. ئۇ مەھەللىدىكى باللارغا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. بازارلارغىمۇ ئانچە بېرىپ كەتمەيتتى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ئۆ ـ زىنىڭ ئىشىنى قىلاتتى. قوشنا ـ قولۇملىرىنىڭ يېتىشەلمىگەن ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بولسا، ئۇلار دېمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن بې ـ رىپ ياردەملىشىپ بېرەتتى. لېكىن ئۇلاردىن ئىش ھەققى تەلەپ قىلمايتتى. ئۇلار بىرەر ۋاق تاماق بەرسە شۇنىڭغا شۈكرى ـ قانا ـ ئەت قىلاتتى.

ــ مامۇتنى ئۆيلەپ قويايلى، ــ دېيىشتى قوشنا ـ قولۇملىرى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ــ بىچارە يالغۇز بەك قىينىلىپ قالدى.

ــ شۇنداق قىلايلى.

شۇنداق قىلىپ، قوشنا ـ قولۇملىرى مەھەللىدىكى ئايۇپ مە ـ رۇپنىڭ ئىمىنىگۇل ئىسىملىك قىزىنى مامۇتقا مۇۋاپىق كۆرۈش ـ تى. بىراق مامۇت ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپلا خۇددى تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئادەمدەك سەكرەپ، ۋارقىراپ كەتتى.

ــ ياق، ئالمايمەن، ئىمىنەكنى ئالمايمەن، ئىمىنەكنى ئال ـ مايمەن!

مامۇت تامغا يۈزىنى يېقىپ خۇددى كىچىك باللاردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

قوشنا ـ قولۇملار مامۇتقا خېلى كۆپ گەپلەرنى قىلغان بولسى ـ مۇ، لېكىن مامۇت زادىلا يېقىن كەلمىدى.

— ياق، مەن توي قىلمايمەن، ئىمىنەكنى ئالمايمەن!
— ياۋاشتەك تۇرغىنى بىلەن قىپقىزىل ساراڭكەنغۇ بۇ، — دې-
يىشتى قوشنا - قولۇملار.
— يالغۇز يۈرۈۋېرىپ سەپرا مىجەز بولۇپ قاپتۇ بۇ، بولدى ئى-
شىمىزنى قىلايلى.
— كېيىنچە ئوڭشالغاندا ئۆيلەپ قويارمىز بولمىسا.
— شۇنداق قىلارمىز.

مامۇت شۇنىڭدىن كېيىن راستتىنلا سەپرا مىجەز بولۇپ قال-
دى. ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنى تىللايتتى. ئۆزىچە بىر
نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى. بەزى - بەزىدە ئۇ يالغۇز، پىنھان يەر-
لەردە ئولتۇرۇپ لۆم - لۆم ياش تۆكۈپ بۇقۇلداپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدىن ئاشۇ كۈندىكى ھېلىقى كۆرۈنۈش زادىلا كەتمەيتتى...

شۇ كۈنى مامۇت ئېتىزلىقتا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئەتىيازدا زىرە
بىلەن كىرىشتۇرۇپ تېرىغان قوناقلىق مەيدانىغا كەلگەندە قوناق-
لىقتىن كىمدۇر بىرلىرىنىڭ پىخىلداپ كۈلۈشكەن، قوناق شاخ-
لىرىنىڭ شاراقشىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئىزىدا جىممىدە
تۇرۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە زەڭ سالدى.
— ئۇش، بوشراق، بىرى كەلگەندەك قىلىدۇ، — بۇ بىر قىز-
نىڭ ئاۋازى ئىدى.
— ۋاي خاتىرجەم بولۇڭە. بۇنداق چىڭقى چۈشتە كىم كېلەت-
تى، — بۇ بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى.
— شاراقشىۋاتىدۇ، قاراڭ، ئاينا قاشتا بىرى تۇرغاندەك
قىلىدۇ.
— ياۋا توشقان ياكى قارا چاشقاندۇ تايىنلىق، خاتىرجەم بولۇ-
ڭە، بۇنداق ئىسسىقتا قوناقلىققا ھېچكىم كەلمەيدۇ.

ئاۋازلار يوقاپ ھاسىراشقان، ھەمىدەشكەن، قوناق شېخىنىڭ
ئاندا - مۇندا شاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مامۇت
تىترەپ كەتتى. ئۇ بۇ نومۇسسىز ناكەسلەرنىڭ كۈندۈزدە قىلىپ

يۈرگەن بۇزۇقچىلىقىغا راستتىنلا چىدىيالماي قالغانىدى. «كۆڭگە قايسى يۇزۇڭ بىلەن قارىشىپ، تۇپراققا قايسى پۇتۇڭ بىلەن دەسسىشەرسەن ھۇ ئىمانسىز دوزىخىيلار! خەپ!» مامۇت قاشتىن قوش مۇشتەك بىر چالمىنى قومۇرۇپ ئېلىپ قوناقلىققا قارىتىپ ئېتتى. ۋېتىپلا ئېرىققا مۆكۈنۈۋالدى. شاراق ـ شۇرۇق قىلغان ئاۋاز بىلەن ئىككى گەۋدە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىشتانباغلىرىنى قولتۇقلىشىپ تەرەپ ـ تەرەپكە پېتىراپ قېچىشتى.

— ۋايجان!

ئېرىقتا مۆكۈنۈپ ياتقان مامۇت بىر ئايالنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، كۆز ئالدىدىكى تۇرقىنى كۆرۈپلا يۈزلىرى چىمىلداپ، پۈتۈن بەدىنى گۇرۇلدەپ كۆيۈپ كەتتى. ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمىگەن بولۇپ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىككى كۆكسى ئېچىلىپ قالغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، تىزىغىچە چۇشۇپ قالغان ئىشتىنىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ئىمىننىگۇل ئۆڭ ـ سۆلى يوق ھالدا مامۇتقا قاراپ تۇراتتى!

شۇنىڭدىن كېيىن ئىمىننىگۇل مامۇتتىن شۇنداق ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى يىراقتىن كۆرسىلا يۈزلىرى ئوتتەك قىزىرىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى. مامۇتمۇ ئۇنى كۆرە ـ كۆرمەيلا ھېلىقى كۈندىكى ئىش كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى ـ دە، ئۆزىچە خۇيى تۇتۇپ خۇددى تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئادەمدەك ۋارقىراپ كېتەتتى.

— ئېپلاسلار، ئىمانسىزلار، دوزىخىيلار، بۇزۇقلار، ھامان جاجاڭنى يېيىشىسەن!

باشقىلار توۋا دەپ ياقىلىرىنى چىشلىشەتتى.

— بۇ راستتىنلا سەپرا بولۇپ قاپتۇ.

— بىچارە سۆزلىگەك بولۇپ قاپتۇ!

— يالغۇز يېتىپ قارا بېسىپ قالدىمۇ — يا؟

— خېلى تۈزۈكلا بالا ئىدى، توۋا!

ماموتنىڭ ئىچىدىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. خۇدا ئىشق ـ
سەۋدانى، ئوت ـ پىراقنى باي ـ كەمبەغەل، چىرايلىق ـ سەت دې-
مەي سېلىۋېرىدىغان گەپكەن. ماموت ئۆزىنىڭ ھالىغا باقماي مۇشۇ
كونىلەردە مەھەللىدىكى ھەسەن موللامنىڭ قىزى پاتىگۈلگە كۆيۈپ
يۈرەتتى. پاتىگۈل ئالدىنقى يىلى يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەك-
تەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بىرەر يىل يېزىلىق دوختۇرخانىدىكى
بىر نەۋرە ئاچىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئاسما ئوكۇل سېلىشنى ئۆ-
گىنىپ، ھازىر كەنتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتچىسى ۋە يالىڭ-
ياق دوختۇرى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ ئېگىز، زىلۋا بويلۇق، ئىك-
كى تال ئۆرۈمە چېچى ئوشۇقىدا ئويناپ تۇرىدىغان، كۆزلىرى
چوڭ، سەل سېرىق ئۇزۇنچاق يۈزلىرىدىن شۇنداق بىر خىل ھايا،
پەدىشەپ ۋە مېھىر يېغىپ تۇرىدىغان مۇلايىم قىز بولۇپ، ئۇنى
مەھەللىدىكى يىگىتلەرلا ئەمەس، كەنتتىكى ھەتتا قوشنا كەنتلەر-
دىكى يىگىتلەرمۇ كۆڭۈللىرىدە بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ يۈرۈ-
شەتتى. مەھەللىدە، ھەسەن موللامنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا پات ـ
پاتلا ناتونۇش يىگىتلەر پەيدا بولۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ماموت
ئاچچىقتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ، ئۇلارنى ئاغزىغا كەلگەنلە-
كى تىللار بىلەن تىللاپ، قولىغا چىققانلىكى نەرسىلەر بىلەن ئۇ-
رۇپ مەھەللىدىن كەتكۈزۈۋېتەتتى. ماموت ھەر كۈنى ئەتىگىنى
ئىشىك ئالدىدىكى يولدا تۇرۇپ پاتىگۈلنى ساقلايتتى. پاتىگۈل گا-
ھىدا پىيادە، گاھىدا ۋېلسىپىت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى.
ئۇ دەسلەپتە ماموتتىن قورقۇپ بېشىنى يەردىن ئۇستۇن كۆتۈرمەي
ئىتتىك ـ ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى. ماموت قىزغا ئاجايىپ بىر خىل
ئىنتىلىش ۋە ئىچ كۆيەرلىك بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ قالاتتى ۋە
قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا ـ ئاستا ماڭاتتى. قىز تاكى كەنتكە
تىنچ ـ ئامان كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن كۆزلىرى قىيمى-
غان ھالدا كەينىگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى.
ناۋادا يولدا بىرەر يىگىت قىزغا گەپ قىلىدىغان بولسا ماموت يۇ-

گورۇپ بارغانچە بېرىپ ئۇنى تىللاپ، بىر نەرسىلەرنى ئېتىپ، ئۇ-نى كەتكۈزۈۋەتمىگۈچە بولدى قىلمايتتى. كەچ تەرەپتە پاتىگۇل ئۆ-يىگە قايتىدىغان چاغدا مامۇت ئۇنىڭ كەينىدە پەيدا بولاتتى - دە، پاتىگۇل تاكى ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاستا كەينىگە يا-ناتتى... پاتىگۇل بارا - بارا مامۇتتىن قورقمايدىغان، قورقمايدى-غانلا ئەمەس، ئۇنى كۆرسە ۋېلىسىپتتىن چۈشۈپ ياكى ئىزىدا توختاپ ئۇنىڭدىن ھال ئەھۋال سورايدىغان بولدى. مامۇت قىزنى كۆرگەندە خۇشلۇقتىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالاتتى. ئۇ قىزغا بەزىدە بىر - ئىككى قوغۇن، بەزىدە بىرەر ياغلىق ئۆرۈك، ئالما دېگەندەك نەرسىلەرنى تەڭلەيتتى. قىز ئۇ نەرسىلەرنى ئالغىلى ئۇ-نىمايتتى.

— بۇ نەرسىلەرنى ئۆزۈڭ يىگىن. بىزنىڭ ئۆيدىمۇ بار، سەن يالغۇز تۇرساڭ.

— ياق، بۇنى مەن ساڭىلا ئاتاپ قويغان. ئالمىساڭ خاپا بولى-مەن.

قىزنىڭ مامۇتقا ئىچى ئاغرىيتتى. ئۇنى باشقىلار ساراڭ، سەپرا دەپ تىللىغاندا نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالاتتى. چۈنكى ئۇ مامۇتنىڭ ساراڭ ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ما-مۇتنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ پاكىز، ئاجايىپ بىر مۇقەددەس ئەقىدى-نىڭ يېلىنجاپ تۇرغانلىقىنى ئاستا - ئاستا سەزمەكتە ئىدى. بو-لۇپمۇ ھېلىقى ئىشتىن كېيىن ئۇ مامۇتنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن يۆلەنچۈكىدەك، ئەڭ يېقىن قوغدىغۇچىسىدەك، ئۇ يېنىدا بولسىلا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغاندەك، ھېچكىم بوزەك قىلالمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

شۇ كۈنى كەنتتىكى باشقا كادىرلارنىڭ ھەممىسى شەھەرگە كېسەل يوقلاشقا كېتىپ كەنتتە پاتىگۇل يالغۇزلا قالغانىدى. چۈش-تىن سەل ئاشقاندا كەنت قورۇسىدا تۇيۇقسىز يېزىدىن مۇشۇ كەنتتە نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەشكە كەلگەن ئىسلام موتوسىكلىت بى-

لەن پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئېغىز ـ بۇرنىدىن گۇپۇلدەپ هاراق پۇراپ تۇراتتى.

ـــ ئەته باهالاش كېلىدىكەن. يازىدىغان ماتېرىياللار بەك جىق تۇرىدۇ. كەنتتىكى باشقا كادىرلار بولمىغاچقا، سىز ماڭا ياردەملەشىڭ، ماقۇلمۇ؟

پاتىگۇل بەك سەمىمىي بولغاچقا، ئىسلامنىڭ گەپلىرىگە شەك ـ شۈبهىسىز ئىشەندى ۋە ئىسلامنىڭ دېگىنى بويىچە ماتېرىياللارنى يېزىشقا باشلىدى. ئىسلام خېلى ئۇزۇندىن بۇيان پاتىگۇلگە كۆز سېلىپ يۈرەتتى. ئۇ پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭغا ئۇنى ـ بۇنى دەپ گىدىڭشىپ گەپ قىلىپ كەينىگە كىرىۋالاتتى. لېكىن پاتىگۇل ئۇ ـ نىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپلا يۈرەتتى. باياتىن ئىسلام ئەتىدىكى باهالاشنىڭ گېپىنى دەپ سېكرېتارغا تېلېفون قىلىۋىدى، سېكرې ـ تار كەنتتە پاتىگۇلدىن باشقا ئادەم قالمىغانلىقىنى، ماتېرىياللارنى كەنتكە ئەكېلىپ پاتىگۇلگە بېرىپ قويسا كېچىچە ئادەم ئورۇنلاش ـ تۇرۇپ يازدۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى دېۋىدى، ئىسلام خۇشلۇقتىن ئۆزى ـ نى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. «بۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشى پۇرسەت يوق» دەپ ئويلىدى ئىسلام مىيىقىدا كۈلۈپ. «سەن ياۋا توشقاننىڭ جاجىسى بىر تال ئۇزۇككۇ تايىنلىق. شۇنى كۆرسەڭ نېمە دەيسەن ـ كىن قېنى...» ئۇ بەش يۈز نەچچە يۈەنگە بىر تال ئۇزۈك ئالدى ـ دە، كەنتكە قاراپ ئوقتەك ئۇچتى... پاتىگۇل ھېچنېمىدىن خەۋەر ـ سىز جىمجىت ئولتۇرۇپ ماتېرىيال يازاتتى. ئىسلام پاتىگۇلگە قاراپ ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دەپ غىڭشىيتتى. لېكىن پاتىگۇل ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇر ـ مايتتى.

ـــ مەن سىزگە ئۆمۈرۋايەت يۈزسىزلىك قىلمايمەن. سىزنى هەرگىز ئالدىمايمەن. پەقەت سىزلا تەلىپىمگە ماقۇل دېسىڭىز... مەن سىزنى ...

ئۆزىنىڭ گەپلىرىنى ئۇن ـ تىنسىز ئاڭلاپ ئولتۇرغان پاتى ـ

گۈلنى گېپىمگە ماقۇل دېدى دەپ ئويلاپ قالغان ئىسلام يۈگۈرۈپ قوپۇپ قىزنىڭ ئىككى قولىدىن مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— ئانا! نېمە قىلىۋاتىسىز، مېنى قويۇۋېتىڭ!

ئىسلام تۇيۇقسىز پاتىگۈلنىڭ ئىككى قولىدىن مەھكەم تۇتۇپ ئۇنى سۆيگىلى تەمشەلدى. قىز تىپىرلاپ ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچاتتى.

— گېپىمگە ماقۇل دەڭ، مەن سىزگە.. مەن سىزگە... ماۋۇ ئۇ-زۈكنى...

— قويۇۋېتىڭ، مېنى قويۇۋېتىڭ!

ئىسلام پاتىگۈلنى بارغانچە مەھكەم قۇچاقلاپ بۇلۇڭدىكى كا-رىۋاتقا بېسىۋالدى.

— مەن سىزنى... مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن... مەن سىزنى...

— ئادەم... ئادەم بارمۇ... مەن...

ئىسلام بىر قولى بىلەن پاتىگۈلنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى تارتقۇشلاشقا باش-لىدى. پاتىگۈل پۈتۈن كۈچى بىلەن تىپىرلاپ قارشىلىق كۆرسى-تەتتى.

— ۋاي...جان!...

تۆمۈردەك بىر كۈچلۈك قولنىڭ گەدىنىدىن تارتىپ بىرلا چۆ-رۈشى بىلەن تەڭ ئىسلام بۇلۇڭغا بېرىپ تامغا گۈپپىدە ئۇسى-دى - دە، يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. پاتىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆكىرەپ يىغلىغانچە ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. كۆزلىرى قىزىرىپ، ئاچچىقتىن غالىلداپ تىترەپ تۇرغان مامۇت ئىسلامنى يەردىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ يەنە يەرگە كۈچ بىلەن ئۇردى. ئىسلام يەردىن ئىككى غېرىچچە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— رەھىم... ماڭا رەھىم قىل... مېنىڭ قولۇم...

مامۇت ئىسلامنىڭ دۈمبىسىگە نەچچىنى گۈپۈلدىتىپ دەسسى-

ۋەتتى ـ دە، پاتىگۇلنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى...

پاتىگۇل مامۇتنى تېخىمۇ بەكرەك چۈشەنمەكتە ئىدى. مامۇت پاتىگۇلنى كۆرگەندە تىترەپ، تەمتىرەپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تېپىرلاپ قالاتتى. ئۇنىڭغا دەيدىغان قانداقتۇر بىر گېپى باردەك ئېغىزلىرىنى ئۆمەللەيتتيۇ، لېكىن دېيەلمەيتتى. پاتىگۇل بارغانچە مامۇتنى راستتىنلا ئويلايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. كېچىلىرى يېتىپ مامۇتنىڭ ئۆزىگە قارىغاندىكى ئاشۇ مەيۈس، مىسكىن ھالەتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمايتتى. لېكىن ئۆزىنىڭ بۇ ئوي ـ خىيالىدىن ئۇ ئۆزىمۇ قورقۇپ كېتەتتى. «ياق ـ ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بىر سەپرا مىجەز ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس!»

ئۇ بەزىدە مامۇتقا نان ـ توقاچ، تاتلىق ـ تۈرۈملاردىن ئالغاچ كېلەتتى. «بىچارە تامىقىنى قانداق قىلىدىغاندۇ؟...»

پاتىگۇلنى ئەرگە بېرىدىكەن دېگەن مىش ـ مىش گەپلەر چىقىپ قېلىۋىدى، مامۇت راستتىنلا چىدىيالماي قالدى. ئۇ كېچە ـ كېچىلەپ ئۇخلىماي ئولتۇرۇپ خۇداغا نالە قىلاتتى. كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكەتتى. پاتىگۇلنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىناتتى. «ئۇنى ئۆيۈمگە سولىۋېلىپ ماڭا تېگىشكە مەجبۇرلايمەن. ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكى ھەممە گەپلىرىمنى دەيمەن. ئۇ ئۇنىسا ئۇنىغانچە، ئۇنىمىسا ئۇنى ئېلىپ قاچىمەن...» مامۇت ئاخىرى شۇنداق خىيالغا كەلدى ـ دە، پۇرسەت كۈتۈشكە باشلىدى. بىراق پاتىگۇلنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ كاللىسى ۋىڭىلداپ، كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلىپ ھېچنېمە دېيەلمەيتتى. پاتىگۇل ئۆتۈپ كەتكەندە بولسا، ئۆز ـ ئۆزىگە ئاچچىقلاپ تامنى مۇشتلاپ، يىغلاپ كېتەتتى.

«ئەتە چوقۇم ئۇنى ئۆيۈمگە سولىۋالىمەن، ئۇنىڭغا مىجەزىم يوق، ماڭا ئوكۇل ئۇرۇپ قوي دەپ ئالداپ ئۆيگە ئەكىرىمەن ـ دە، ئىشىككە قۇلۇپ سېلىۋالىمەن. شۇنىڭ بىلەن...» مامۇت پۈتۈن

بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى. تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپلا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ پا- تىگۇلنى ساقلاپ تۇردى. ئۇ جىددىيلىشەتتى، تىترەيتتى. خۇددى ئوغرىلىق قىلغان ئادەمدەك يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالاتتى. يىراقتىنلا پاتىگۇل كۆرۈندى، ئۇ بۈگۈن ئۇچىسىغا تېگى قىزىل ئەتلەستىن ئۆزۈن كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، مامۇتنىڭ كۆزىگە بىر تال چوغ، بىر تال گۈل بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى. پاتىگۇل بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. مامۇتنىڭ پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ ئەتراپىغا ئەنسىز قارايتتى.

— ئىشقا... ئىشقا ماڭدىڭمۇ؟

— ھەئە، سەنچۇ؟ ئەتىگەندە يولغا چىقىۋاپسەنغۇ؟

— مەن... مەن... — مامۇت ئەتراپىغا قارىۋېتىپ پاتىگۇلگە سەل - پەل يېقىنلاشتى.

— بىر تال ئوكۇلۇم بار ئىدى، خاپا بولماي ئۆرۈپ قويساڭ بوپتىكەن... — شۇ گەپنى دەپ بولغۇچە مامۇتنىڭ چېكىلىرىدىن بۇژۇلداپ تەر چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ پاتىگۇلنىڭ يۈرىكى «شۇرردە» قىلىپ كەتتى. «بىچارە، شۇنچە ياۋاش تۇرسا، خەق يەنە ئۇنى ساراڭ، سەپرا دەپ... ھە...ي. ئاتا - ئانىسى بولغان بولسا، بۇنچە ياۋاش بولۇپ قالمىغان، بۇنچە قىينالمىغان بولاتتى - ھە! ئىسىت...»

— ئۆرۈپ قويىمامسەن؟

— ياق - ياق، ئۆرۈپ قويىمەن، ئۆرۈپ قويىمەن.

پاتىگۇل مامۇتنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى.

— مۇشۇ كارىۋاتتىلا ئۆرۈپ قويسام بولمامدۇ. بۇنچە ئىچكىرى ئۆيگە كىرمىسەممۇ...

— ماڭا قوقاق تېگىپ قالدىمىكىن، مەن توڭۇپ كېتىدىكەن- مەن.

— ھە. مەيلى ئەمىسە.

پاتىگۈل ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭ مامۇت هويلىدا بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دەپلا سىرتقا چىقىۋالدى ـ دە، ئىشىككە قۇلۇپ سېلىۋالدى.

ــ سەن... سەن نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ نېمىنداق...!

ــ گەپ قىلما. گەپ قىلما پاتەم، مېنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپىم بار، بەك جىق گەپلىرىم بار، شۇڭا...

ــ ساراڭ، سەپرا، گېپىڭ بولسا دېسەڭلا بولىدىغۇ، مۇشۇنداق قىلىشنىڭ هاجىتى بارمۇ؟

ــ ياق هازىر دېمەيمەن، سەل تۇرۇپ دەيمەن، مەن هازىر بەك قورقۇپ كەتتىم، سەل ـ پەل ئەسلىمگە كېلىۋېلىپ ئاندىن دەيمەن.

ــ ئۇنداق قىلساڭ ۋارقىرايمەن.

ــ ۋارقىرىساڭ راستتىنلا ئەسكىلىك قىلىمەن. ئاغزىڭغا بىر نەرسە تىقىپ قويىمەن. شۇڭا مېنى ئۇنداق قىلىشقا زورلىما. ماڭا ئىشەن، مەن ساڭا راستتىنلا زىيانكەشلىك قىلمايمەن، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن...

پاتىگۈل راستتىنلا مامۇتنىڭ ئەسكىلىك قىلىشىدىن قورقتىمۇ ياكى ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدىمۇ ۋارقىرىمىدى. مامۇت ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئەتراپقا راسا بىر قارىۋەتتى.

ــ مەن ساڭا راستتىنلا ئەسكىلىك قىلمايمەن، مەن سەل تۇرۇپ كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دەۋېلىپلا سېنى قويۇۋېتىمەن. ماڭا ئىشەن، مەن ئەسكى ئادەم ئەمەس!

ــ ئەمىسە تېزرەك بول!

مامۇت ياندىكى ئۆيگە چىقىپ قالايمىقان تاشلىنىپ تۇرغان يوتقان ـ كۆرپىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئاتتى. «ئۇ نېمە دەر؟ ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ مېنى تىللاپ كېتەرمۇ؟...»

كېچىدىن بېرى كۆزىنى مىت قىلىپ يۇمماي چىققان مامۇت خىيال بىلەن يېتىپ ئۇزۇنغا بارمايلا ئۇيقۇغا كەتكەندى...

پاتىگۈل مامۇتقا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. مامۇتنىڭ تۇرقى شۇنچە-لىك مەيۈس ۋە بىچارە ئىدى.

— مەن ئۆزۈمنىڭ ساڭا ماس كەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن. بىراق سېنى كۆرسەملا چىدىيالمايمەن. مەن راستىنىلا ساڭا كۆيۈپ قاپتىمەن، پاتەم. ناۋادا سەنلا ماڭا تېگىشكە ماقۇل دېسەڭ، مەن بەك ئىشلەپ، سېنى چوقۇم بەختلىك قىلىمەن. بازارغا ئاپىرىپ نېمە كىيىمەن دېسەڭ، شۇنى ئېلىپ بېرىمەن، سېنى ھەرگىز ئۇرمايدى-مەن، تىللىمايمەن...

قىزنىڭ يۈركى شۇرردە ئېرىپ كەتتى. مامۇت شۇ تاپتا قىز-نىڭ كۆزىگە «سەپرا، ساراڭ» ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوتتەك لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان، پۈتكۈل جىسمىدىن جاسارەت، كۈچ-قۇۋۋەت بالقىپ تۇرغان، روھىدىن پاكلىق، مېھىر-مۇھەببەت، ھالاللىق ۋە ئىمان-ئېتىقاد يېغىپ تۇرغان، ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتقان خىيالىدىكىدەك مۇكەممەل بىر يىگىت بولۇپ كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. «ئەسلي مەن تولا خىيال قىلىپ، تولا چۈ-شەيدىغان يىگىت مامۇت شۇكەندە!»

— يۈركىمدىكى ھەق گەپلەرنى ساڭا دەۋالدىم. مەن سېنىڭ دەردىڭدە بەك جىق ئازابلارنى تارتتىم. نۇرغۇن كېچىلەرنى ئۇيقۇ-سىز ئۆتكۈزدۈم. ئەمدى گېپىمگە ماقۇل دېمىسەڭ، مەن بۇ يۇرتتىن چىقىپ كېتىمەن. مەن... مەن...

قىز ئەمدى زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدى. مامۇتنىڭ كۆزلىرى-دىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى.

— بولدى، ئۇنداق قىلما... مەن... مەن... — قىز مامۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قوۋزاقتەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىنى چوڭقۇر مېھىر بىلەن تۇتتى، — سەن نېمىش-قىمۇ مۇشۇنداق خىيالغا كېلىپ قالغانسەن دەيمەن. مەھەللىدە باش-

قا قىزلارمۇ بار ئىدىغۇ!

— ئۇلار... ئۇلار ساڭا ئوخشىمايدۇ، سەن ماڭا پەرىشتىدەك كۆرۈنىسەن. شۇنداق مۇلايىمسەن. شۇنداق مېھرىلىكسەن، سېنى مەندىن باشقا يىگىتلەرنىڭ ئېلىۋېلىشىغا چىدىمايمەن. ھەرگىز چىدىمايمەن.

قىزنىڭ يۈرىكى ئېرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە لىققىدە ياش ئەگىيتتى.

— بولدى گەپ قىلما، گەپ قىلما، بۇنداق گەپلەرنى دەۋەرسەڭ مەن ئاجايىپ بولۇپ قالىدىكەنمەن! — قىز تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن مامۇتنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى بوشقىنا سىلىدى، — سەن ماڭا راستتىنلا شۇنچە ئامراق بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— مەن سېنى دائىم ئويلايمەن، دائىم چۈشەيمەن، مەن ساڭا بەك ئامراق، خۇدا ھەققىدە بەك ئامراق! — مامۇت تىترەپ تۇرغان يىرىك، شوخىدەك قوللىرى بىلەن قىزنىڭ پېشانە - چاچلىرىنى ئاستا تۇزەپ قويدى، — سەن يىغلىما، سەن يىغلىساڭ يۈرىكىم ئاغرىپ كېتىدىكەن.

— ئەمىسە سەنمۇ يىغلىما، بولمىسا مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئاغرىپ كېتىدىكەن، — قىز شۇنداق دەپ بوشقىنا پىچىرلاپ يىگىتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويدى، — مەنمۇ ساڭا ئامراق، خاتىرجەم بول، مەن ساڭا تېگىمەن.

— راستمۇ؟ راست ماڭا تېگەمسەن پاتەم؟

— راست، سەن بىر سەپرا تۇرساڭ، ساڭا تەگمەي قۇتۇلالامدىم مەن.

— ئۇھ... خۇدا... خۇدا... خۇدا...

مامۇت شۇنداق دەپ قىزنى تىترەپ تۇرۇپ ئاۋۋال ئاستا ئاۋايلاپ، ئاندىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىگە تارتىپ مەھكەم قۇ-

چاقنىدى.

— ۋاي... جان، بوشىراق، سارالڭ، سەپرا...

قىز نازلىق ئىغراپ يىگىتنىڭ قوينىغا تېخىمۇ بەكرەك شۇڭ-غىدى. تال باراڭنىڭ ئاراچىلىرىدىن تالا - تالا نۇرلىرىنى تۆكۈپ تۇرغان تولۇن ئاي قىز - يىگىتنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن خىجىل بول-غاندەك ئاستا بۇلۇت كەينىگە يوشۇرۇندى!

2009 - يىلى، قەشقەر - يوپۇرغا

# مۇزلىغان يۈرەك

ناھىيەگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارە ـ ئورگانلاردىكى ياش مىللىي كادىرلارنى «گۈل تاقاپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ ئاساسىي قاتلامدا چېنىقتۇرۇش» دولقۇنىنىڭ تۈنجى تۈركۈمىدە نۆۋەت ئويـ- لىمىغان يەردە مېنىڭ بېشىمغا كېلىپ قالغانىدى.

— ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ بىر ـ ئىككى يىل چېنىقىسىلەر، ناھىيە باشلىقلىرىغا دەپ مۇشۇ ئىدارىغىلا ئۆستۈرۈپ ياندۇرۇپ كېلىمەن. ھازىر كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە بۇ ئەڭ ئالدىنقى شەرت، — دېدى ئىدارە باشلىقى مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ تو- لىمۇ كۆيۈنگەن قىياپەتتە، — سىز تېخى ياش، ھامان بىر كۈنى ئاساسىي قاتلامغا بارماي قۇتۇلالمايسىز، شۇڭا كېيىن بارغاندىن بالدۇر بارغان ياخشى. سىزنىڭ ھازىر خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىڭىز بولمىغاندىكىن، ئانچە ئېغىر كېلىپمۇ كەتمەيدۇ!

خېلى ئۇزۇندىن بۇيان ئويلىشىپ مۇزاكىرە قىلىنىپ، يىغىن ئېچىپ قارار قىلىنىپ بولغان بۇ ئىشقا ئەمدى ھەر نېمە دېگەن بىلەنمۇ بىكار ئىدى. شۇڭا باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن ئۈن ـ تىنـ- سىز قايتىپ چىقتىم. ئەتىسى ئەتىگەندە ئىدارە باشلىقى مېنى ئۆ- زىنىڭ ماشىنىسى بىلەن «قۇم جىگدە» كەنتىگە ئېلىپ ماڭدى. «قۇم جىگدە» كەنتى ناھىيە بازىرىدىن ئەللىك تۆت كىلومېتىر، يېزا بازىرىدىن يىگىرمە سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چەت، ياقا بىر كەنت بولۇپ، مەن كەنتكە «مۇئاۋىن سېكرېتار» لىقتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپە بىلەن كېتىپ باراتتىم. ناھىيەدىن يېزا بازىرىغىچە بولغان يول ئاسفالىت، يېزا بازىرىدىن كەنتكىچە بولغان يول توپا كەلكۈندەك ئېقىپ تۇرىدىغان، ئېگىز ـ پەس يول ئىدى.

بىر چۇشكە يېقىن كەنتكە كەلدۇق. كەنت قورۇسىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ھاڭدەك ئوچۇق بولۇپ، ئىشخانىلاردا ھېچ ئادەم باردەك قىلمايتتى. قورۇنىڭ ئىچىدىن زەي شور - توپا ئۆرلەپ كەتكەن بولۇپ، ئادەم تىزىغىچە پېتىپ قالاتتى. سۇۋاقلىرى زەيلىشىپ چۇشۇپ كەتكەن، دېرىزە ئەينەكلىرى چېقىلغان بەش - ئالتە ئىشخانىنىڭ ھەممىسىگە مۇشتەك يوغان قۇلۇپلار سېلىنغان بولۇپ، قارىغاندا خېلى ئۇزۇندىن بۇيان ئادەم كىرمىگەندەك قىلاتتى. قورۇدىن غېرىبلىق، مەيۇسلۇك، مەينەتچىلىك ۋە چۇشكۈنلۈك تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— كەنتنىڭ شارائىتى سەل ناچار، يېزىدىن يىراق، تۇرمۇشتا ئازراق قىيىنلىپ قالىسىز. لېكىن ھېچقىسى يوق. بىر - ئىككى يىل دېگەن ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئىدارە باشلىقى تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرغاچ، — ئادەملىرى بەك يۇۋاش، مېھماندوست، ئاسانلا كۆنۈپ ئۆزلىشىپ كېتەلەيسىز. سىرتتىن موتوسىكلىتنىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، نەچچە مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇستىبېشى قويۇق توپا - چاڭغا مىلەنگەن قىرىق بەش - ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى بىرەيلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ موتوسىكلىتتىن ئالدىراپ چۇشۇپ ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېلىپ بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

— تىچلىقمۇ، تىچلىق تۇردىلىمۇ؟ مانا ھازىرلا يېزىدىكى يىغىندىن كېلىشىم، سىلەرنى ساقلاپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ بەك ئىتتىك مېڭىپ!....

— بىزمۇ تېخى ھازىرلا كېلىپ تۇرۇشىمىز، مانا بۇياق ئىدارىمىزدىن سىلەرنىڭ كەنتكە كەلگەن قاۋۇلجان بولىدۇ.

— تېخى كىچىكلا بالىكەنغۇ، باياتىن يېزىدىكى يىغىندا ساۋ شۇجى بۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئالاھىدە تاپىلىغانىدى، — سېكرېتار مېنىڭ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە تولۇق قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئىدارە باشلىقىغا قاراپ گېپىنى

داۋاملاشتۇردى، — خاتىرجەم بولسىلا ئەلى جۇيجاڭ. بۇ بالىنى ئوبدان ئۆگىتىۋالىمىز. يۇرسىلە، ئاۋۋال ئۆيگە كىرىپ بىرەر تىلىمدىن قوغۇن - تاۋۇز يېگەچ پاراڭلىشايلى!

— بولدى سېكرېتار، قوغۇن - تاۋۇزنىمۇ كېيىنچە يېيىشەرمىز. مېنىڭ ئىدارىدە قىلىدىغان ئالدىراش ئىشلىرىم بار. مەن ماڭاي، ئەمىسە قاۋۇلجان سىلىگە قالدى، تۇرمۇشىنى ئوبدانراق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويالا!

— بۇنىڭدىن ئەنسىرىمىسىلە!

يوتقان - كۆرپەمنى ئېلىپ قالدىم. ئىدارە باشلىقى ماشىنىسىغا چىقىپ قويۇق توپا توزىتىپ ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى.

— ئىشىنىڭ ئۈستىگە ئىش، ئادەم زادى ئارام تاپالمايدۇ بۇ خەقنىڭ دەردىدە! — ئۆز - ئۆزىگە غودۇرىدى سېكرېتار خاپا بولغاندەك قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — ئۇكام سىز مۇشۇ يەردە بىر دەم تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن كەنت مۇلازىمەتچىسىنى تېپىپ كېلەي. ئۇ سىزگە ياتاق راسلاپ بەرسۇن، — سېكرېتار شۇنداق دەپلا موتوسىكلىتىنى گۈرۈلدىتىپ مىنىپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

شور توپا ئۆرلەپ تۇرغان غېرىبانە قورۇدا جىندەك يالغۇزلا قالدىم. ئەتراپقا قارىغانچە مېنى ئۆزىچە قاتتىق يىغا تۇتۇپ كەتتى!... باش كۆزۈمنىڭ قاغجىراق ئاپتىپىدا ھۇۋقۇشتەك يالغۇز ئولتۇرىمەن. ئۇسساپ، قورسىقىم ئېچىپ لەۋلىرىم شورلىشىپ كۆزلىرىمگە قىزىللىق تىقىلىپ كەتتى، لېكىن نە سېكرېتار، نە مۇلازىمەتچى كۆرۈنمەيتتى. دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ئەتراپقا قارىسام يېقىن ئەتراپتا بىرەر ئۆيمۇ يوق. شۇنىڭ بىلەن كەنتنىڭ ئالدىدىكى بەش - ئالتە سىنىپى بار باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۇدۇللا كىرىۋەردىم. مەكتەپ ئىچى خېلى ئوبدانلا كۆكەرتىلگەن بولۇپ، سىنىپ ئالدىدىكى ئۈزۈم - تاللار چىرايلىق باراڭغا ئېلىنغان، باراڭلاردا ساپسېرىق، ياپيېشىل ئۈزۈملەر ئېسىلىپ تۇراتتى. باراڭ ئاستىدا بىر

باسما قودۇق بولۇپ، يېنىغا يوغان بىر سېغىز كۆپ قويۇلغانىدى. كۆپتىن سۇ سىزىپ تۇراتتى. بېرىپلا باراڭ چاتمىسىغا چىگىپ قويۇلغان كۈرۈشكا بىلەن كۆپتىكى سۇدىن تازا بىر ئىچىپ «ئۇھ» دەپ تۇرۇشۇمغا ياندىكى ئىشخانىدىن چىرايلىقىنا كەلگەن بىر خانىم چىقىپ ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى!

ئۇ — نۇرگۈزەل ئىدى. ئىككىمىز ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ تونۇشۇپ قالدۇق. شۇنداققۇ! سەن مەكتەپتە، مەن كەنتتە ياتاتتىم. ھەر كۈنى سەن ياتىقىڭدا تاماق ئېتىپ مېنى چاقىراتتىڭ. سەن دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن مەكتەپتە بىللە تىك - تاك توپ ئوينايتتۇق، كىتاب كۆرەتتۇق، پاراڭلىشاتتۇق. بۇ يەردىكى تەنھالىق، غېرىبلىق ۋە شارائىت بىزنى بىر - بىرىمىزگە تەبىئىيلا تېزلا يېقىنلاشتۇرۇۋەتتى. بىز ھەر جۈمە كۈنلۈكى چۈشتىن كېيىن بەزىدە بىرەر دېھقانىنىڭ ئېشەك ھارۋىسىغا، بەزىدە سوپەك، تىراكتورلىرىغا چىقىۋېلىپ، بەزىدە زادىلا ئامال قىلالمىغاندا سېكرېتارنىڭ موتوسىكلىتىنى سوراپ، يېزا بازىرىغا بېرىپ موتوسىكلىتنى بىرەر دۇكانغا قويۇپ قويۇپ، ئاندىن كىرا ماشىنىسىغا چىقىپ ناھىيەگە كېتەتتۇق. سېنىڭ ئۆيۈڭ ناھىيە ئىچىدە ئىدى. مەن ئىدارىگە كىرىپ ياتىقىمنى يوقلاپ سۈپۈرۈپ تازىلىۋېتىپ، بەزىدە شۇ كۈنىلا، بەزى بەكرەك كەچ قالغان كۈنلىرىمىز ياتىقىمدا يېتىپ، ئەتىسى يەنە كىرا ماشىنىسىغا چىقىپ، چوڭ ئۆيگە كېلىپ ئانام، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشەتتىم! يەكشەنبە كۈنلۈكى چۈشتىن كېيىن كەنتكە بىر ئاماللارنى قىلىپ كېتەتتۇق. بىزنىڭ ئاشۇ يىگىرمە سەككىز كىلومېتىرلىق يولنى نەچچە قېتىم قار - يامغۇر، بوران - شامالدا، كېچىلەردە پىيادە مېڭىپ كەتكەنلىكىمىزنى ساناپ بولالمايمەن. سېنىڭ غەيرىتىڭگە، جۈرئىتىڭگە كۆڭلۈمدە ئاپىرىن ئېيتاتتىم. پۇتلىرىڭ قاپىرىپ ھۆررەك - ھۆررەك ئىششىپ كەتسىمۇ، قىلچە چاندۇرمايتتىڭ، جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇقتا توڭلىدىم، پىژغىرىم ئىسسىقتا تەرلىدىم دەپ باقمايتتىڭ، تېخى ماڭا:

— بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، غەيرەتلىك بولۇڭ، ئىشەنچ-ئىڭىزنى ھەرگىز يوقاتماڭ، دەپ تەسەللى بېرەتتىڭ.

ئاشۇ كۈنى ھېلىمۇ ھازىرقىدەك ئېنىق ئېسىمدە. ئۇ 22 - دې-كابىر كۈنى ئىدى. جۈمە كۈنلۈكى ئۆيگە كېتىدىغان چاغدا يېزا با-زىرىغا بارىدىغان ھېچنېمە چىقمىدى. كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. ھاۋا تۇتۇلۇپ، ئەتراپ گۇممىدە قاراڭغۇلىشىپ شۇنداق جۇدۇنلۇق قار سوغۇقى بولۇپ كەتتى. سەن شۇ كۈنى ئۆيۈڭگە بارمىساڭ قەتئىي بولمايتتى. داداڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئاكاڭ ئەتىلا داداڭنى ئۇ-رۇمچىگە ئېلىپ ماڭاتتى. شۇڭا، سەن داداڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالمى-ساڭ بولمايتتى.

— دادام بۇ كەمگە يولۇمغا قاراپ ئولتۇرغاندۇ. لېكىن مەن... ئاۋازىڭ يوقاپ كەتتى. مەن سەن بىلەن تونۇشقان شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان سېنىڭ بۇنداق بىچارە، مەيۇس ھالەتتە تۇرۇپ گەپ قىلغىنىڭنى، يىغلىغىنىڭنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. شۇڭا ساڭا قەۋەتلا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، چوقۇم بىر ئامال قىلىمەن، مۇشۇ يەردە سەل - پەل تۇرۇپ تۇرۇڭ! — دېدىم ۋە يۈگۈرگەنچە ئۇدۇل سېكرېتارنىڭ ئۆيىگە باردىم.

— موتوسىكلىتلىرىنى بېرىپ تۇرغان بولسىلا، ئۆيگە بارىدىغان جىددىي ئىشىم چىقىپ قالدى!

— بۇ كېچىدە... مۇشۇنچە سوغۇقتا قانداقمۇ موتوسىكلىت مى-نەرسىز؟

— قىلىن كىيىنىۋالدىم، ئالدىرىمايراق ماڭارمەن!

— ئەمىسە يولدا دىققەت قىلىڭ، ھاۋا سوغۇق، يول تېيىلغاق، ئاۋايلاپ مېڭىڭ!

بىز موتوسىكلىت بىلەن ماڭدۇق. سوغۇق يۈز، بۇرۇنلىرىمىزنى ھەرىدەك چاقاتتى. سەن يۈزۈڭنى دۈمبەمگە قويۇۋالغانىدىڭ. بىز

يېزا بازىرىغا يېقىنلاشقاندا مېنىڭ قولۇم، پۇتۇم توڭۇپ سىيزىمىم-نى يوقاتتى. سىقىراپ ئاغرىپ رولنىمۇ تۇتالمىدىم. بۇرنۇم بىلەن يۈزۈم ئېچىشىپ ۋاژىلداپ كەتتى. يەنە مۇشۇنداق مېڭىۋېرىدىغان بولساق، ئىزىمدا قېتىپلا قالىدىغاندەك ئىدىم. شۇڭا موتوسىكلىت-نى توختىتىپ چۇشۇپ قولۇمنى جۇۋامىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئى-زىمدا سەكرەپ پىرقىراپ كەتتىم. قولۇم چىدىغۇسىز ئېچىشىپ سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى.

— بەك توڭلىدىڭىزمۇ؟ بەك توڭلىدىڭىزمۇ قاۋۇل؟

— ياق، ئانچە ئەمەس، سەل تۇرۇۋالسام ئىسسىپ قالىمەن!

بىز يېزا بازىرىغا بارغاندا بازاردا بىرەر قاتناش ئەمەس، بىرەر ئادەممۇ قالمىغانىدى. توڭغىنىمنى دېسەم، موتوسىكلىتنى ئىزد-غىلا چۆرۈۋېتىپ، ئۇدۇل كەلگەن بىر ئۆيگە كىرىپ كەتكۈم كېلەت-تى. لېكىن ساڭا قارىسام... چىرايىڭنى ئېنىق كۆرەلمىسەممۇ يۈ-رىكىم تۈيۈپ، يۈرىكىم كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتىكى، كۆزلىرىڭدە ياش، چىرايىڭدا ئادەم چىدىغۇسىز مەيۈسلۈك بار ئىدى!

— ماڭايلى، موتوسىكلىت بىلەن مېڭىۋېرەيلى نۇرگۈزەل. بۇ كېچىدە قاتناش تاپالمىغۇدەكمىز!

— لېكىن بەك توڭۇپ كېتەرسىزمىكىن؟...

— توختاپ - توختاپ ئالدىرىماي ماڭارمىز، يۈرۈك!

جاھاننىڭ ھەممە سوغۇقى بىزگىلا تېگىۋاتقاندەك ئىدى. يۈرت-تىن چىقىپ ئارا جاڭگالغا كەلگەندە سوغۇق تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. پۇت - قوللار ئۇيۇشۇپ ئاغرىپ، يۈز، بۇرۇن ۋىژىلداپ ئې-چىشاتتى. ئارا جاڭگالدىن كېسىپ ئۆتىدىغان «ئاق ئۆستەڭ» ئېگىز كۆۋرۈكىگە كەلگەندە، پەقەتلا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. قولۇم رولنى زادىلا تۇتۇپ تۇرالمىدى. سەنمۇ چاندۇرماي ئولتۇرغىنىڭ بىلەن بەكلا توڭۇپ كەتكەن بولساڭ كېرەك، ماڭا بارغانچە مەھكەم يې-پىشماقتا ئىدىڭ. مەن سەندىن سورىمايلا، ساڭا گەپ قىلمايلا مو-توسىكلىتنى توختاتتىم. قولۇم بەك توڭۇپ كەتكەچكە، پەلەينى يا-

مان تەستە ئېلىپ قوللىرىمنى جوۋامىنىڭ ئىچىگە تىقىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ قالدىم. قولۇم ھېچ ئىسسىمايتتى. پۈتۈن بەدىنىم، يۇرىكىم مۇزلاپ كەتكەندەك ئىچ - ئىچىمدىن جاقىلداپ تىترەيتتىم. سەن ئاستا ئالدىمغا كەلدىڭ، موتوسىكلىتىنىڭ چىراغ يورۇقىدا مەن سېنى كۆرۈپ تۇراتتىم. سەن ئۆزۈڭ پەلتويۇڭنىڭ تۈگمىلىرىنى بىر - بىرلەپ يېشىپ، قات - قات كىيىۋالغان مايكىلىرىڭنى ئاستا قايرىدىڭ - دە، شۇنچىلىك بوش ئاۋازدا شىۋىرلىدىڭ:

— قولىڭىزنى ئىچىمگە تىقىڭ!

ساڭا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تىكىلىپ قاراپ مىدىر - سىدىر قىلماي، ئۆز قولاقلىرىمغا ئىشەنمەي ئولتۇرۇپلا قالدىم.

— قوپۇڭ، قولىڭىزنى ئىچىمگە تىقىۋېلىڭ! — سەن شۇنداق دەپ ئاستا ئېڭىشىپ قوللىرىڭ بىلەن قوللىرىمنى تۇتۇپ ئىچىڭگە تىقىپ قويدۇڭ. مەن گويا ھەيكەلدەك نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قېتىپلا تۇراتتىم.

— تېخىمۇ ئىچكىرى تىقىڭ، تېخىمۇ يۇقىرىسىغا ئاچىقىڭ! — سەن شۇنداق دەپ ماڭا مەھكەم يېپىشىپ يۈزلىرىڭنى يۈزلىرىمگە، لەۋلىرىڭنى لەۋلىرىمگە تەگكۈزدۈڭ. تەندىن - تەنگە ئوتتەك ھارارەتلىك بىر ئىسسىق ئېقىم ئۆتۈپ، جىسمىم بارا - بارا ئىللىقلىشقا باشلىدى. مۇزدەك قوللىرىم بىلەن سىلىق، يۇمشاق، ئوتتەك قورساقلىرىڭنى، ئاندىن ئالمىدەك چىڭ، چوغدەك ئىسسىق كۆكسۈڭنى مەھكەم تۇتۇۋالدىم!...

نۇرگۈزەل. بىز تونۇشقان شۇنچە ئۇزۇن كۈنلەردىن بۇيان نۇرغۇن ۋاقىت بىللە يۈرۈپتىكەنمىز. بىرگە تاماق يەپ، پاراڭلىشىپ، كۈلۈشۈپ، بىر - بىرىمىزگە ئۈمىد، ئىلھام، تەسەللى بېرىشىپ كەپتىكەنمىز. نەچچە، نەچچە كېچىلەر پىيادە بىرگە مېڭىپتىكەنمىز. بىر - بىرىمىزگە مېھرىمىز ئوتتەك چۈشۈپتىكەن. بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىپتىكەنمىز. لېكىن تاكى مۇشۇ دەقىقىلەرگىچە بىر - بىرىمىزگە بىرەر ئېغىز سۆيگۈ - مۇھەببەت توغرىسىدا گەپ

قىلىشماپتىكەنمىز. بىر - بىرىمىزنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراشماپتىكەنمىز. بىر - بىرىمىزنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇشۇپ باقماپتىكەنمىز. لېكىن بۈگۈن!... تەندىن - تەنگە چوغدەك ئىسسىق هارارەتلىك ئېقىم ئۆتۈپ قاتقان تەنلەر ئاستا - ئاستا ئېرىدى. سېنىڭ يۈزۈڭ يۈزۈمدە. كۆزۈڭ كۆزۈمدە، لېۋىڭ لېۋىمدە ئىدى! مەن سېنى مەھكەم قۇچاقلاپ يۈز - كۆزلىرىڭگە، لەۋلىرىڭگە چەكسىز مېھرىم بىلەن سۆيۈپ كەتتىم! سەنمۇ پۈتۈن ئىختىيارىڭنى تاشلاپ، ماڭا بارغانچە مەھكەم يېپىشماقتا ئىدىڭ!

شۇ كۈنى ئارا جاڭگالدىن چىقىپ ئۇزاق ماڭمايلا موتوسىكلىتنىڭ كەينى چاقىنىڭ يېلى چىقىپ كەتتى. موتوسىكلىتنى مەن يېتىلەپ سەن كەينىدىن ئىتتىرىپ مېڭىپ، مىڭ بىر جاپادا ئالتە مەھەللىگە ئەكېلىپ، بىر دېھقانىنىڭ ئىشىكىنى مۇشلاپ يۈرۈپ، موتوسىكلىتنى شۇ ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، پىيادە مېڭىپ ناھىيەگە كىرىپ كەتتۇق!... مەن شۇ ئاخشىمى ياتقانچە پۈتۈن بەدىنىم ئۇرۇپ - چېقىۋەتكەندەك سىقىراپ ئاغرىپ، كۆز، بۇرۇنلىرىمدىن توختىماي سۇ ئېقىپ، ئۆرە تۇرغۇدەك جان - مادار يوق ساق بىر ھەپتە يېتىپ قالدىم! شۇ بىر ھەپتە ئىچىدە سېنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى، ساڭا قانچىلىك كۆنۈپ قالغانلىقىمنى، سەن بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى قانچە قېتىملاپ ئويلىغانلىقىمنى ساناپ ۋە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتىم! شۇنداق سېغىنىش ۋە ئازابلىق ئوي - خىيال ئىچىدە جۈمە كۈننى مىڭ تەستە ئەكەلدىم. مەن شۇنىڭغا ئىشىنەتتىمكى، مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە سەنمۇ مېنى چوقۇم ئويلىدىڭ. چوقۇم سېغىندىڭ. بۈگۈن چوقۇم مېنى ئىزدەپ كېلەتتىڭ!... دېگەندەك كەچكە يېقىن سەن ياتىقىمغا كىرىپ كەلدىڭ. نېمىشقىدۇر كۆزلىرىمگە مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدىلا چىرايىڭ سارغىيىپ، كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتىڭ. سېنى كۆرۈپلا ئۆزىچە مېنى قاتتىق يىغا تۇتۇپ كەتتى. بىر ھەپتە ئىچىدە مېنىڭ چىرايىممۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا

كېرەك، سەنمۇ ياتاققا كىرىپلا ماڭا قاراپ چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالىدىڭ!

كۆزلەر يۈرەكلەردىكى پىنھان سىرلارنى ھەش - پەش دېگۈچە ئاشكارىلاپ قويىدى. بىز ئۇن - تىنسىزلا بىر - بىرىمىزنىڭ باغرىغا سىڭىشىپ كەتتۇق!...

نۇرگۈزەل. بىزنىڭ «قۇم جىگدە» كەنتىدىكى كۈنلىرىمىز ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتۈشكە باشلىدى. بىر - بىرىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈشىدىغان بىر جۈپ قىز - يىگىت دوزاختا ياشىسىمۇ جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرەلەيدىغان گەپكەن. بۇ كەنتنىڭ يىراقلىقى، نامراتلىقى، توپا - تۇمانلىرى، ھۆل - يېغىن، قار - شىۋىرغانلىرى... ھېچنېمىسى كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيتتى!

نۇرگۈزەل. مەن بۇ يەردە ئاشۇ چاغلاردىكى شېرىن كۈنلىرىمىزنى، ھېس - ھاياجانغا تولغان مىنۇت - دەقىلىرىمىزنى قايتا ئويلاپ ئۆزۈمنى تېخىمۇ ئازابلىغۇم، كۆيۈپ كۈل بولۇپ نىمجان ھالەتكە كېلىپ قالغان يۈرىكىمنى تېخىمۇ پۈچىلىغىم يوق! ئىش قىلىپ، شۇ چاغلاردا بىز بىر - بىرىمىزنى كۆڭلىمىزدە ئاللىقاچان مەڭگۈلۈك ھەمراھ دەپ مۇقىملاشتۇرۇپ بولغانىدۇق! لېكىن... لېكىن... ئەسلىي مەن شۇ كۈنى مەكتەپكە كىرمىگەن بولسام، سېنىڭ ئاشۇ نومۇسسىز رەزىل گەپ - سۆزلىرىڭنى ئاڭلىمىغان بولسام ياخشى بوپتىكەن نۇرگۈزەل! مەن نېمە دەپمۇ شۇ كۈنى سېنى ئىزدەپ كىرىپ قالغان بولغىيتتىم؟!...

ئۇ كۈنىمۇ يەنىلا ھازىرقىدەك ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ 17 - ئىيۇن كۈنى ئىدى، مەن چۈشتىن سەل ئاشقاندا بىر دېھقان بەرگەن ئىككى چىلگە قوغۇننى ئېلىپ مەكتەپكە كىردىم، ياتىقىڭنىڭ ئالدىغا كەلسەم، ياتاق ئىچىدىن سېنىڭ خۇددى ماڭا قىلىغاندەك نازلىق ئاۋازىڭ ئاڭلىنىپ قالدى. ئىزىمدا چىپپىدا تۇرۇپ قالدىم.

— ئۇنداق قىلمىسىلا كۆپكۈندۈزدە، ھېلى بىرى كىرىپ قالسا!...

— كىم كىرەتتى؟ ھازىر ھېچكىم يوق. باشقا ئوقۇتقۇچىلار دېگەن دەرستە تۇرسا... — بۇ يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىدىكى ئەمەت تاش دېگەن ئادەمنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ ئادەم بۇ مەكتەپكە پات - پات كېلىپ تۇراتتى.

— ياق، ئۇنداق قىلمىسىلا، قويۇۋەتسىلە، ھېلى بىرى...!

— ھېچنېمە بولمايدۇ، بىردەمدە تۈگەيدۇ، جىم تۇرۇڭە!

— ياق، ياق، ئەمدى مېنىمۇ كۆن ئالغىلى قويسىلا، نەچچە يىل بولدى، يۆتكەپ قويىمەن دەپ ئالداپ كەلدىلە، ئەمدى بىز بۇنداق قىلمايلى، مېنى كۆن ئالغىلى قويسىلا!

— يۆتكەپ قويىمەن، يەنە نەچچە ۋاقىت تەخىر قىلىڭ. بۈگۈن ئاتايىن سىزنى دەپ كەلدىم... بىر قېتىم... بىردەمدە تۈگەيدۇ!

— يا...ق... يا...ق!

— مانا ھازىرلا... ھازىرلا... جىم تۇرۇڭە!...

— راست گەپ قىلسام بۈگۈن مىجەزىم يوق، قويۇپ كەتسىلە!

— مەيلى!

— ياق!!...

نۇرگۈزەل. مەن سېنىڭ تۇرۇقۇڭغا قاراپ، گەپ - سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ، ساڭا شەك - شۈبھىسىز ئىشەنچ قىلغانىدىم. سېنى ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم قىلىپ تاللىغانىدىم. لېكىن... ئىككى چىلگە قوغۇننى ياتقىڭنىڭ ئالدىغا قويۇپلا ئاستا كەينىمگە ياندىم. مېنىڭ بۇنداق شەرمەندە گەپلەرنى يەنە ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتىم قالمىغانىدى. ئەسلىي سەن ئۇ ئىپلاس بىلەن خېلى بۇرۇندىنلا ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ يۈرۈشكەن ئىكەنسەن ئەمەسمۇ، نۇرگۈزەل! شۇنداق تۇرۇپ، كۆڭلۈڭنى، مەيلىڭنى بىراۋغا بېرىپ بولغان تۇرۇقلۇق نېمىشقا مېنىمۇ چۆرگىلىتىپ قايمۇقتۇرۇپ يۈردۈڭ دەيمەن؟!

نۇرگۈزەل. شۇنىڭدىن كېيىن نېمىشقا ساڭا قاپاق ئېچىپ قا-

رىمىغانلىقىمنى، ئۆزۈمگە يېقىن يولاتمىغانلىقىمنى، كۆز ياشلى-رىڭغا قىلچىلىك پەرۋا قىلمىغانلىقىمنى ئەمدى بىلگەنسەن! ئەمدى چۈشەنگەنسەن!؟ مەن ئەسلىي ۋاپاغا مەڭگۈلۈك ۋاپا قىلىدىغان، ئە-قىدىگە مەڭگۈلۈك ئەقىدە قىلىدىغان ئىمانلىق ئەركەك ئىدىم! سې-نى مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشتۈرەرمەن دەپ نىيەت قىلغانىدىم، بىراق...!

«قۇم جىگدە» كەنتىدە زادىلا تۇرغۇم كەلمىدى. نەچچە كۈنلەپ ئاچ قالساممۇ سېنىڭ ئەتكەن تامىقىڭنى يېيىشكە رايىم بارمىدى. ياتىقىڭغىمۇ چىقمىدىم. ياتىقىمغا كىرسەڭمۇ گەپ قىلمىدىم. راست گەپنى قىلغاندا سەندىن قاتتىق رايىم يېنىپ كەتكەن، سەندىن قات-تىق يىرگىنىپ كەتكەنىدىم... ئەگەر ئاشۇ كۈنى گەپ - سۆزلەرنىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالمىغان بولسام، مېنى قاچانغىچە كولدۇرلى-تىپ، دوپپامغا جىگدە سېلىپ يۈرەتتىڭ دەيمەن، نۇرگۈزەل! يەنە كېلىپ مېنى ئالداشقا قانداقمۇ كۆڭلۈڭ چىدىغاندۇ؟ ۋىجدانىڭ ئۇ-نىغاندۇ؟!...

«قۇم جىگدە» كەنتىدىن ساڭا خوشمۇ دېمەي يېنىپ كەلدىم. سەن نەچچە قېتىم ناھىيەگە كېلىپ ياتىقىمغا ئىزدەپمۇ كىردىڭ. لېكىن مېنىڭ ساڭا قارارغا كۆزۈم يوق ئىدى. ئادەم دۇنيادا ئەقىدە قىلغاننى بىلىدىغان ئادەمگە ئەقىدە قىلىشى كېرەك، جان چىقىپ كەتسىمۇ! مەن ھەرگىزمۇ بىر قېتىم تۆكۈرگەن تۈكۈرۈكنى قايتا ئېغىزغا ئالىدىغان لايپاسلاردىن ئەمەس. سەن ئەمدى قان يىغلى-ساڭمۇ پەرۋايىم پەلەك! مەن سەندەك بىر قىزنىڭ بۇ دۇنيادا بار - يوقلۇقىنى پۈتۈنلەپ ئۇنتۇپ كەتتىم!

ئۈمىدىم، سەنمۇ مەندەك بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىڭنى پۈتۈنلەي ئېسىڭدىن چىقىرىۋەت! بولدى، ئۇ كۈنلەرنى مەڭگۈلۈك ئۇنتۇپ كەت!

2005 - يىلى، يوپۇرغا

# بەخت ئىزدەش

گەرچە ئۇ قىز بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ كېلىشىۋاتقىلى بىرەر يىلغا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تېخىغىچە بىرەر قېتىممۇ يۈز تۇرا كۆرۈشۈپ باقمىغانىدىم. شۇڭا ئۇنىڭ بۈگۈنكى گېپى مېنى قاتتىق ساراسىمگە سېلىۋەتتى.

— ئەتە كەچ سائەت سەككىزدە «ئېقىن دەريا» ئارامگاھىدا ساقلايمەن. شۇ يەرگە بېرىڭ!

قولۇم ھېچ ئىشقا بارمايتتى. ئۆزۈمچە يۈرىكىمگە يىنىك تىترەك ئولىشىپ، پۈتۈن بەدىنىم ئوت بولۇپ چاراسلاپ كۆيەتتى. خۇددى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئەتراپىمدىكى ھەممە ئادەم بىلىپ قالغاندەك، ھېچكىمگىمۇ تىكىلىپ قارىيالمايتتىم. شۇڭا ئىشتىن يېرىم سائەت بالدۇر چۈشۈپ ئۆيگە يېنىپ كىردىم.

— بۈگۈن بەك خۇشالغۇ، كۆزلىرىڭ ئويناپ كېتىپتۇ، بىرەر يېڭىلىق يوقتۇ - ھە؟

ئۇجۇقۇپ كەتتىم. ئايالىم شۇ تاپتا كۆز نۇرى بىلەن يۈرىكىمدىكى ھەممە سىر - ئەسرانى بىلىۋالماقچى بولۇۋاتقاندەك، كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ ئولتۇراتتى. يۈرىكىم چىمىمدە قىلىپ قالدى. «ئۇمۇ بىلىپ قالغانمىدۇ - يا؟»

— كۆندىكىگە ئوخشاشقۇ. نەدىكى گەپنى قىلىپ...!

ئايالىم بىلەن يەنە سەل - پەل بىللە ئولتۇرسام، ئۇ راستتىنلا يۈرىكىمدىكى سىر - ئەسرانى كۆرۈپ — بىلىپ قالىدىغاندەك ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ كۇتۇپخانامغا كىرىپ كەتتىم.

— چاي دەملەپ ئەكىرىپ بېرەيمۇ؟

— بولدى، ئۇسسىمىدىم!

كومپيۇتېرىمنى ئېچىپ قويۇپ ئېكرانغا قاراپ ئولتۇرىمەن. لېكىن بىر قۇرمۇ خەت ئۇرالمايمەن. ئىچ ـ ئىچىمدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بىر تاتلىق، شېرىن ھېس ـ تۇيغۇدىن بەدەنلىرىم يەنىلا تىترەيدۇ. يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سالىدۇ. كاللامدا نۇرغۇن خىيال بار. لېكىن زادى نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلەلمەيمەن. «ئۇ زادى قانداقراق قىزدۇ؟ ئەتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە قانداق بولۇپ قالارمەن، نېمە دەرمەن؟...»

قىزنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى شۇنچىلىك مۇلايىم، شۇنچىلىك مېھرىلىك ۋە شۇنچىلىك نازلىق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا ھەر كۈنى نەچچە سائەتلەپ پاراڭلىشىپ كېتەتتىم. بىزنىڭ دېيىشمەيدىغان گەپلىرىمىز يوق ئىدى. مەن ئۇنى بۇ دۇنيادىكى جىمىكى چىرايلىق گەپلەر بىلەن تەرىپلەيتتىم. ئۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك تاتلىق كۈلۈپ كېتەتتىكى، ئۇنىڭ كۈلكىلىرىدىن پۈتۈن بەدىنىم ھاياجانغا تولاتتى.

ــ مېنىڭچە سىز بەك چىرايلىق، بەك كېلىشكەن، شۇنداقمۇ؟

ــ ياق، ئۇنچىمۇ ئەمەس!

ــ سىز خۇددى پەرىشتىگە ئوخشايسىز. مەن نېمىشقىدۇر سىزنى پەرىشتىگىلا ئوخشىتىپ قالىمەن.

ــ ياق، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز. مېنى ئۇنداق ئويلىۋالسىڭىز، يۈزتۇرا كۆرۈشكەندە چوقۇم پۇشايمەن قىلىپ لېۋىڭىزنى چىشلەپ قالىسىز.

ــ نېمىشقا؟

ــ چۈنكى مەن سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق چىرايلىقمۇ، ئۇنداق كېلىشكەنمۇ ئەمەس. ئادەتتىكىچىلا بىر قىز!

ــ مەيلى سىز قانداق قىز بولۇڭ، ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن!

ــ ناۋادا مېيىپ بولۇپ قالسامچۇ؟

ــ مەيلى، ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن!

— سىز مېنى راستتىنلا شۇنچە ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ؟
— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. مەن سىزنى دەپ ساراڭ بولايلا دەپ قېلىۋاتىمەن!
— سىزنىڭ شۇنداق مېھرىلىك، مۇلايىم، كېلىشكەن ئايالىڭىز بارغۇ، شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا...؟
— بولدى، ئۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، ئەڭ ياخشىسى سىز مېنى قىيناۋەرمەڭ، بىز يۈزتۇرا كۆرۈشەيلى!
— ئەمىسە بىر گېپىمگە ئېنىق جاۋاب بېرىڭ. مېنى شۇنچە ياخشى كۆرۈدىكەنسىز، ئايالىڭىزنى قويۇۋېتىپ، مەن بىلەن توي قىلالامسىز؟
— بۇ... بۇ...!
— مانا دېمىدىممۇ، ئەر كىشى دېگەن شۇنداق تۇترۇقسىز، سۇ-يۇق كېلىسىلەر. ئاخشىمى ئۆيۈڭلارغا كىرسەڭلار، ئايالىڭلارنىڭ تىزىغا بېشىڭلارنى قويۇپ جاھاندىكى جىمىكى چىرايلىق گەپلەرنى دەيسىلەر. دەبدەبىلىك ۋەدە - قەسەملەرنى بېرىسىلەر. ئۆيدىن چىـ-قىۋالساڭلار، بىزگە دېمەيدىغان گېپىڭلار قالمايدۇ. شۇڭا سىلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ!
— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، مەن سىزگە ۋەدە بېرەي. مەن سىزنى راستتىنلا ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈمەن، مەن...!

مەن ئۇ قىزنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە، ئاۋازىغا ئاساسلىنىپلا شۇنداق قىياس قىلاتتىم. ئۇ شۇنداق كېلىشكەن قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئېگىز، زىلۋا بويلىرى ئادەمگە خۇددى چىرايلىق بىر تال تاسما بې-لىقنى ئەسلىتەتتى. چۆچۈپ تۇرىدىغان چوڭ - چوڭ كۆزلىرى، دائىملا سۆيۈلۈشكە تەلمۈرۈپ تۇرىدىغان نېپىز لەۋلىرى ئادەمنى ئۆزىگە ئوتتەك تارتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەدىنى شۇنچىلىك سىلىق، شۇنچىلىك يۇمشاق ئىدى. ئۇ باغرىمغا گويا تاسما بېلىقتەك شۇڭ-غۇپ، شۇنچىلىك تاتلىق خۇلق قىلاتتىكى...
— چاي ئىچىۋېلىڭ، ھەقىچان ئۇسساپ كەتتىڭىز!

ئايالىمغا غەزەپ بىلەن هومايدىم. ئۇ كۆزلىرىمگە قاراپ چۆچۈپ ئاستىلا كەينىگە ياندى.

— نېمىنداق... ئادەمگە هومىيىپ... بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزمىدىگەندىمەن؟

كومپيۇتېرنى ئەتتىم ـ دە، ئايالىمغا گەپمۇ قىلماي ياتاق ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، تېلېفونۇمدىن قىسقا ئۇچۇر مۇزىكىسى ئاڭلاندى. ئىتتىك ئېكرانغا قارىدىم. «سىز بىلەن پاراڭلاشقۇم كېلىپ كەتتى. لېكىن يېنىڭىزدا ئايالىڭىز بولسا ئەپسىز بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئۇچۇر يوللىدىم. مەن سىزنى بەك سېغىندىم، ئەتە كۆرۈشۈشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، خوش!»

هاياجاندىن يەنە تىترەشكە باشلىدىم. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ يېرىم ئېچىلىپ تۇرغان ئىشىكتىن بوينۇمنى سوزۇپ ئايالىمغا قارىدىم. ئۇ ئاشخانىدا قانداقتۇر بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى.

«مەنمۇ سىزنى بەك سېغىندىم. بولمىسا هازىرلا كۆرۈشمەيلىمۇ؟»

«ياق، بۈگۈن بەك كەچ بولۇپ كەتتى. دېيىشكىنىمىزدەك ئەتە كۆرۈشەيلى. بۈگۈن ئايالىڭىزغا هەمراھ بولۇڭ، خوش، ئەمدى ئۇچۇر يوللىماڭ».

ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كۆز ئالدىمدىن قىزنىڭ ئوتلۇق سىماسى نېرى كەتمەيتتى... قىز بەك گۈزەل ئىدى. ئۇ باغرىمدا تاسما بېلىقتەك پىلتىڭشىيتتى. ئۇنىڭ ناز ـ خۇلقى جاننى ئالاتتى. ئۇنىڭ بەدىنى شۇنچىلىك سىلىق ۋە شۇنچىلىك يۇمشاق ۋە هارارەتلىك ئىدى.

— مەن سىزنى ياخشى كۆرۈمەن، — دەيتتى ئۇ ماڭا تاسما بېلىقتەك چىرمىشىپ.

ئۇنىڭ ناز ـ خۇلقىدىن، ئوتتەك هارارەت ۋە تاتلىق قىلىقلىرى-

دىن ئۆزۈمنى ئۆلۈپ كەتكەندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.
— سىز ئادەم ئەمەس، پەرىشتىكەنسىز، سىز پەرىشتىكەنسىز، — دەيتتىم ئەس - ھوشۇمنى بىلمەي ئاستا پىچىرلاپ.
— راست دەيسىز، مەن ئادەم ئەمەس، مەن دېگەن بېلىق، مەن دېگەن تاسما بېلىق، سىز مېنى دائىم بىر تال تاسما بېلىقتەك قىياس قىلاتتىڭىزغۇ، مەن راستتىنلا تاسما بېلىق!
— ئەمىسە سىز قانداق بولۇپ...
— بۇنى سورىماڭ!
قىز ئاۋۋال راستتىنلا بىر تال تاسما بېلىققا، ئاندىن بىراقلا يوغان بىر تال يىلانغا ئۆزگەردى - دە، مېنىڭ بوينۇمغا يۆگىشىپ مېنى بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن يېيىشكە باشلىدى.
— سىز... سىز كىم... نېرى تۇرۇڭ!
— ئىمران، ئىمران كۆزىڭىزنى ئېچىڭە، سىزگە نېمە بولدى - ھە؟
پۈتۈن بەدىنىمدىن شۇرقىراپ تەر ئاقاتتى. ئايالىم بېشىمدا ما-ڭا قاراپ چەكچىيىپ تۇراتتى.
— ئۇھ... مېنى... مېنى قارا بېسىپ قاپتۇ. قاتتىق قارا بېسىپ قاپتۇ. بىر يىلان... بى بېلىق... ئۇھ...
— ئەتىياز دېگەندە ئادەم ھەر قىسما چۈشلەرنى كۆرىدۇ. ئادەم-نى ئاسان قارا بېسىپ قالىدۇ. بىسمىللا دەپ يېتىڭە.
ئەتىسى ئىشقا چىقىپلا كۈندىكى ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭغا تېلې-فون قىلدىم. ئۇ تېلېفوننى ئېلىپلا ئاخشامقى ئىشنى سوراپ قالدى.
— ئاخشام سىزنى قارا بېسىپ قالمىغاندۇ - ھە؟ مەن كېچىچە سىزنى چۈشەپ چىقىپتىمەن!
— قانداق چۈشەپسىز؟
— سىزنى قارا بېسىپ قېلىپ چۈشەپتىمەن.
— ما ئىشنى كۆرۈڭ. مېنى ئاخشام راستتىنلا قارا بېسىپ

قالغان. بۇنى قانداق بىلىپ قالدىڭىز؟

— بۇنى سورىماڭ، قانداق، بۈگۈن كەچتە كۆرۈشىدىغان ئىشى-مىزدىن يالتايمىغانسىز؟

— ياق - ياق! ھەرگىز يالتايمىدىم. بۈگۈن كەچتە چوقۇم كۆ-رۈشىمىز.

— گېپىمىز گەپ - ھە؟

— گېپىمىز گەپ!

تېلېفوننى قويدىمۇ، كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. «ئەجە-با ئۇ ئاخشام مېنى قارا بېسىپ قالغانلىقىنى قانداق بىلگەندۇ؟ ئە-جەبا ئۇ... ئەجەبا ئاخشامقى ئىش ماڭا بىرەر كېلىشمەسلىكتىن ئالدىن بېرىلگەن بېشارەتمىدۇ - يا؟ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەم-چۇ؟ ياق، ياق، ئۇ دېگەن بىر چۈش. چۈشنىڭ قولىدىن قانچىلىك ئىش كېلەتتى؟ شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان بىر كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ كەلگەن ئادەم كۆرۈشەيلى دەۋاتسا...»

بۈگۈن مەن ئۈچۈن ۋاقىت توختاپ قالغاندەك ئىدى. سائەتكە ھەربىر مىنۇتتا بىر قېتىم قارىغاندەك قارايتتىم. كاللامدا نۇرغۇن خىياللارنى ئويلايتتىمۇ، لېكىن زادى نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. قولۇم ھېچ ئىشقا بارمايتتى. تىتىلداپ زادىلا ئارام تا-پالمايتتىم.

— بۈگۈن كەچتە بىز ئاغىنە باللار بىلەن بىر يەرگە بېرىپ قالدىغاندەك قىلىمىز. كەچتە كەچرەك كېلىپ قېلىشىم مۇمكىن. شۇڭا سىز... — چۈشتىن كېيىن ئىشقا چىقىدىغان چاغدا ئايالىمغا قاراپ شۇنداق دەپ يالغان ئېيتتىم.

— مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، مەنمۇ بۈگۈن كەچ ئانامنىڭ ئۆ-يىگە بېرىپ يېتىپ كېلەي دەپ ئويلىغان. ھە راست، دوستلىرىڭىز بىلەن بىر يەرگە بارسىڭىز، ماۋۇ كىيىملەرنى كىيىۋېلىڭ. يۇدۇرۇپ ئەكىرىپ قويغان.

— ئا... تېخى ئۈچامدىكىنىمۇ تۈنۈگۈنلا يەڭگۈشلىگەنغۇ، بول-

دى، مۇشۇنداقلا بېرىۋېرەي، ئۇنىڭ ئۈستىگە تالادا شامال چىقىپ توپا يېغىۋاتسا!

— ئەر كىشى دېگەن رەتلىك، ئوبدان كىيىنىپ، سالاپەتلىك يۈرمىسە بولمايدۇ. تۇتىڭە، بىر دەمدە ئالماشتۇرۇپ بولىسىز!

— سىززە... مۇشۇنداق قىلىۋەرسىڭىز، باشقىلار مېنى ئازدۇرۇپ كېتىدۇ جومۇ!

— ياق، سىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايسىز، سىزگە ئىشىنىمەن!

يۈرىكىم غۇچچىدە قىلىپ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. تۇرۇپلا ئايالىمغا قاتتىق ئىچىم ئاغرىپ، ئۆز - ئۆزۈمدىن شۈبھىلىك نەپرەتلىنىپ كەتتىم.

— سىز ماڭا شۈبھىلىك ئىشىنەمسىز؟

— شۇنداق، سىزگە مۇتلەق ئىشىنىمەن!

گېپىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك، غىققىدە بولۇپ ئايالىمغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈن كۆزۈمگە تېخىمۇ مېھرىلىك ۋە مۇلايىم كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. «مۇشۇنداق كېلىشكەن، مۇلايىم، سادىق ئايالىم تۇرۇپ، ئىسىت مېنىڭ ئادەملىكىم. نەدە بىر تونۇمايدىغان قىز بالا ئۈچۈن ئىسراپ قىلىۋەتكەن ۋاقتىم، تۆلىگەن روھىي بەدەللىرىم... ئايالىم ماڭا شۇنچە ئىشىنىدىغان، شۇنچە كۆيىنىدىغان تۇرسا... شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمىسەمچۇ؟ بۈگۈن ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشمىسەمچۇ؟... ياق، ياق، قانداقلىكىن بولمىسۇن، بۈگۈن بىر قېتىم كۆرۈشۈپ باقاي. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلارمەن. ناۋادا بۈگۈن كۆرۈشكىلى بارمىسام، ئۇ مەندىن قاتتىق خاپا بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ تېلېفونمۇ ئالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا... لېكىن ئايالىم، ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئەقىدىسىگە تۇزكورلۇق قىلسام...»

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ ئىشقا چىقىدىغان ۋاق بولۇپ قالدى جومۇ!

— ھە... مانا، مانا ھازىرلا!

ئايالىمغا بىر گەپلەرنى قىلماقچى بولدىميۇ، لېكىن قىلالمىدىم. يۈيۈپ قاتۇرۇپ دەزمال سېلىنغان كاستۇم - بۇرۇلكامنى كىيىپ تامدىكى تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

— بەك سالاپەتلىك بولۇپ كەتتىڭىز. مەن سىزنىڭ مۇشۇ ھالەتتە يۈرۈشىڭىزگە بەك ئامراق!

— سارالى، مەن كۆندە ئوخشاش يۈرۈيمەنغۇ!

— ئوخشاشقۇ يۈرۈيسىز، لېكىن مۇشۇ تۇرقىڭىز... قاراڭ بۇرۇتلىرىڭىزغا، چاچلىرىڭىزغا، ئاق كۆڭلەك بىلەن قارا كۆك كاستۇم - بۇرۇلكا بۇ دۇنيادا سىزگىلا مۇشۇنداق يارىشامدىكىن دەيمەن. سىزنىڭ مۇشۇ تۇرقىڭىز ماڭىلا ئەمەس، بىزنىڭ ئىشخانىدىكى باشقا قىز - ئاياللارغىمۇ بەك يارايدىكەن. ئۇلار سىزنىڭ مۇشۇ تۇرقىڭىزغا بەكلا ھەۋەس قىلىشىدۇ!

— ۋاي سارالى، نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيدىغاندۇ ئەمدى، بولدى، مەن ماڭدىم ئەمىسە!

— خوش، كەچتە بالدۇر كېلىپ قالسىڭىز، ئۇدۇل چوڭ ئۆيگە بېرىڭ ئەمىسە!

— ماقۇل!

ئايالىمنىڭ گېپىدىن روھىم خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتنى ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزدۈم. ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىۋىدىم، تېلېفونى ئېتىكلىك چىقتى. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ تېلېفونى بۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچ ۋاقىت ئېتىلىپ قالمايتتى. ئەجەبا بۈگۈن... كاللامغا دەقىقە ئىچىدە نۇرغۇن خىياللار كەلدى. ئۇنىڭغا ئارقا - ئارقىدىن ئۇزۇلدۇرمەي تېلېفون ئۇراتتىم. تېلېفون ئۇلانمىغانچە ئىچىم تېخىمۇ تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى... «ئۇ بۈگۈن كەلمەيمۇ قالارمۇ؟ ئۇ مېنى ئالداپمۇ قويارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئىككىنچىدىلەپ... ياق، ئۇنىڭ تېلېفونىنىڭ توكى تۈگەپ كەتتى ياكى بولمى-

سا...» ئىشخانىدىن ئىشتىن چۈشۈشتىن بىر سائەت ئەتراپىدا بال-
دۇر يېنىپ چىقتىم. سىرتتا شامال چىقىپ سۈس توپا يېغىۋاتات-
تى. كوچا - كويلاردا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. «بالدۇرراق بېرىپ
ساقلاپ تۇراي. ئۇ مېنى ھەرگىز ئالدىمايدۇ.»

«ئېقىن دەريا» ئارامگاھى شەھەردىن ئون نەچچە كىلومېتىر
يىراقلىقتا بولۇپ، تاكسى بىلەن بىردەمدىلا بېرىپ بولغىلى بولات-
تى. بۇ ئارامگاھ قىش - ياز تىجارەت قىلاتتى. بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى
بۇ يەرگە كېلىدىغان مېھمانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئارامگاھنىڭ
ئىككى كىشىلىكتىن تارتىپ ئوتتۇز كىشىلىككىچە بولغان ئاي-
رىمخانىلىرى مېھمانلارنىڭ ھەرقانداق تەلەپ - ئارزۇلىرىنى تولۇق
قالدۇراتتى. شۇڭا بۇ يەرگە باشقا يۇرتلاردىن، قوشنا ناھىيە، شە-
ھەرلەردىن كېلىدىغان مېھمانلار تېخىمۇ كۆپ ئىدى.

شامال چىقىپ توپا يېغىۋاتقىنىغا قارىماي، بۇ يەردە بۇگۈنمۇ
ئادەملەر خېلىلا كۆپ ئىدى. خۇددى بۇ يەردىكىلەر مېنىڭ بۇ يەرگە
نېمىشقا كەلگەنلىكىمنى سوراپ قالىدىغاندەك، ئۆزۈمچە جىددىي-
لىشىپ، تىترەپ - تەمتىرەپ كەتتىم. ھە دېگەندە بىرەر تونۇش -
بىلىشكە ئۇچراپ قالىدىغاندەك، ئەتراپقا ئوغرىلىقچە قارايتتىم.
لېكىن بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئال-
دىراش، ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەنت - ھەلەك ئىدى. ھېچكىمنىڭمۇ
ھېچكىمگە قارىغۇسى، گەپ قىلغۇسى، تونۇشلۇق بەرگۈسى يوق-
تەك، ھەممە تېز - تېز ئۆتۈپ كېتەتتى.

كۈن كىرىپ ئەتراپ بارا - بارا قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. ئۇ-
نىڭ تېلېفونى تېخىچە ئېتىكلىك ئىدى. ئىچ - ئىچىمدىن ئېتىد-
لىپ چىقىۋاتقان بىر ئاچچىق خورلۇقتىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قو-
يۇشقا تاس - تاس قېلىۋاتاتتىم. ئارامگاھنىڭ ئالدىدىكى لەمپە
ئاستىدا ئولتۇرۇپ، سىرتتىن كىرىۋاتقانلارنىڭ ھەربىرىگە ئوغرى-
لىقچە قارايتتىم. يالغۇز كىرىۋاتقان بىرەر قىز - ئايالنى كۆرسەم،
يۇرىكىم ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىدىغاندەك، قاتتىق سىلىپ كې-

تەتتى. ئۆزۈممۇ سەزمەيلا ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەتتىم. بىراق... بىراق ئۇلار لەمپە ئاستىغا كىرىپلا سومكىلىرىدىن تېلې-فونلىرىنى ئېلىپ كىملەرگىدۇر تېلېفون قىلىشاتتى - دە، بىر نېمىلەرنى دېيىشىپلا خۇددى تاسما بېلىقتەك غىرىلداپ مىڭىشىپ ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولۇشاتتى... تاسمىبېلىق... تۇرۇپلا ئاخشامقى چۈشۈم ئېسىمگە كېلىپ بەدىنىم تىكەنلىشىپ كېتەتتى. «بۇ ماڭا قىلىنغان بىر ئاگاھلاندۇرۇشمۇ - قانداق؟ يې-پىق تۇۋاقنى يېپىق پېتىچە قويۇپ ئاستىلا ئۆيگە كەتسەمچۇ! ياق، ناۋادا مەن كېتىپ بولغۇچە ئۇ كېلىپ قالسىچۇ؟...»

ھاۋا بىراقلا ئۆزگىرىپ توپا ئارىلاش سىم - سىم يامغۇر يې-غىشقا باشلىدى. ئۆزۈمدىن قاتتىق نەپرەتلىنىشكە باشلىدىم. بىر ئىچكى خورلۇق ۋە غەزەپتىن قان تومۇرلىرىم ئېتىلىپ كەتكۈدەك چىڭقىلىپ چىشلىرىم كىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تېلېفونى تېخىچە ئېتىكلىك ئىدى. «خەپ چىدىماس، ناچار!» دېدىم چىش-لىرىمنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ. لېكىن كىمنى شۇنداق دېگەنلى-كىمنى بىلمەيتتىم. «ئىككىنچىلەپ تېلېفون قىلمايمەن، تېلېفون كەلسىمۇ ئالمايمەن، خەپ!...» ئۆزۈمچە ئىچىم گۇرۇلدەپ كۆيۈپ يىغلىغۇم كېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزۈمنى سەللا قويۇۋەتسەم، ھۆر-كىرەپ يىغلاپ سالىدىغاندەك ئىدىم. لەۋلىرىمنى چىشلەپ مۇش-تۇملىرىمنى مەھكەم تۈگەتتىم. «ئايالىم مېنىڭ شۇنچە ھۆرمەت - ئىناۋىتىمنى قىلىۋاتسا، نەدە بىر نېمىنىڭ كەينىگە كىرىپ... ئى-سىت! ئىسىت!»

كېچە سائەت ئىككى بولدى. ئارامگاھتا ئالا - تاغىل ۋارقىرى-شىۋاتقان بىرقانچە مەست بىلەن مەنلا قاپتىمەن. ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ كەتمەكچى بولدۇم - دە، روھىم چۈشكۈن ۋە ھارغىن ھالدا ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم. تېخى ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرسام قاياقتىن پەيدا بولدىكىن پۈتۈن جىسمىدىن گۈپۈلدەپ قو-سۇق پۇراپ تۇرغان بىر مەست كېلىپلا مېنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— سۆيۈملۈكۈم، قەدىردانىم، مەن سىزنى بەك سېغىندىم... مېنى سىز بۈگۈن بەك ساقلاتتىڭىز!

پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ ھۆ قىلغۇم كېلىپ كەتتى. ئۇ مې-نى مەھكەم قۇچاقلاپ بىر نېمىلەرنى دەپ يۈز - كۆزلىرىمنى يالايتتى. قانچە كۈچىسەممۇ ئۇنىڭدىن ئاجرىيالمايتتىم.

— قويۇۋەت، مېنى قويۇۋەت، كىم سېنىڭ سۆيۈملۈكىڭكەن!

— مېنى بەك ساقلاتتىڭ جېنىم. مەن سېنى ساقلاپ... ھۆ...

ئۇ گەدىنىمگىلا قۇسۇۋەتتى. ئۇ يېيىشىگە نېمىلەرنى يەپتى-كىن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان بىر نېمىلەر بويۇنلىرىمغا يىلاندەك يۆگىشىپ كەتتى. ئەۋرەز سۇيىدىنمۇ نەچچە مىڭ ھەسسە سېسىق بىر خىل سۇيۇقلۇق گەدىنىمنى بويلاپ ئاستا - ئاستا دۈمبىلى-رىمگە سىرغىشقا باشلىدى. خورلۇق ۋە ئازابتىن چىشلىرىم كى-رىشىپ مۇشتۇملىرىم مەھكەم تۈگۈلۈپ كەتتى.

— نېرى تۇرەۋە ھەزىلەك، ئىچەلمىگەن نېمەڭگە!

نەدىن كەلگەن كۈچكىن، ئۇنى بىرلا سىلكىۋىدىم، ئۇ نەچچە مېتىر نېرىغا بېرىپ پالاققىدە چۈشۈپ، ئۈن - تىنسىز يېتىپ قالدى. يولۇمغا مېڭىۋېرەي دەپ نەچچە قەدەم ماڭدىمۇ، لېكىن ئۆ-زۈمچە قورقۇپ قالدىم. «ناۋادا ئۇ ئىپلاس ئاشۇنداق يېتىپ قۇ-سۇپ، قۇسىقىنى ئۆزى ئىچىپ تىنالماي ئۆلۈپ قالسىچۇ!... ياق، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئوڭدىسىغىمۇ بولسا، ياتقۇزۇپ قويۇپ كې-تەي...»

— ھە... ي... ھە... ي... ھەي...! قوپە ئورنۇڭدىن، ھاراق دې-گەننى ئادەم مىجەزىگە بېقىپ ئىچىدىغان، تازىمۇ بىر... قوپە قوپ، تۈزۈك يات!

— كەلدىڭمۇ... كەلدىڭمۇ سۆيۈملۈكۈم... مېنى بۈگۈن ئەجەب ساقلاتتىڭا، جېنىم...

ئۇ ئىككى قولى بىلەن بوينۇمغا مەھكەم گىرە سېلىۋالدى. ئۇ-نىڭ سېسىق ئاغزى يۈزلىرىمنى يالايتتى.

— مېنى قويۇۋەت دەيمەن. تازىمۇ بىر ئىمقۇرت، خۇمسا ئىمە-كەن بۇ! هاراق دېگەننى ئۆزىنىڭ جىنىغا چۇشلۇق ئىچمەي!

ئۇنىڭدىن خېلى تەستە ئاجراپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىمغا يېنىدا ئىككى گەۋدە پەيدا بولۇپ قالدى.

— مەستنى بىزگە تاشلاپ قويۇپ ئۆزۇڭلار كەتمەكچىمۇ ئاغىنە. ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. ئۇلپەت دېگەن بىر - بىرىنى ئۆلسىمۇ تاشلاشمايدىغان، كۆتۈرۈڭلار. كەلگەندە بىللە ئېلىپ كەلگەندىكىن، كەتكەندىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىڭلار. بۇ مەستنى بۇ يەردە تاشلاپ قويساڭلار، تاسادىپىي بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا، كىم ئىگە بولىدۇ؟ كۆتۈرۈڭلار!

— بۇ... بۇ... بۇ مەستنى مەن ئېلىپ كەلمىگەن. مەن ئۇنى تونۇمايمەن. ئۇ ئۆزى كېلىپ ماڭا ئېسىلىۋېلىپ...

— ئەمىسە نېمىشقا ئۇنى قۇچاقلاپ يۈرۈيسىلەر؟ ئۇنىڭ بىر نەرسىلىرىنى ئوغرىلىماقچىمىدىڭلار - يا؟ ئادەم دېگەن ئۇنداق ئىككى يۈزلىمچى بولسا بولمايدۇ جۇمۇ. تولا گەپ قىلماي كۆتۈرۈڭلار!

— بۇ...!

— قېنى روزى، بۇ مەستنى ئۇنىڭغا هاپاش قىلىپ قوي!

ئۇنىڭ قوللىرى بوينۇمغا مەهكەم گىرە سېلىنغلىق ئىدى. تۇرۇپلا ئاخشامقى چۇش ئېسىمگە كېلىپ قالدى. «ئەسلىي ھېلىقى تاسما بېلىق، ياق ھېلىقى يىلان مۇشۇ مەستكەن - دە!...»

ئۇنى مىڭ بىر جاپادا يۇدۇپ، چوڭ يولغا ئەچىقتىم. ئۇ چوڭ يولغا چىقىپلا گەدىنىمگە يەنە قۇسۇۋەتتى. ئۆزۈممۇ سەزمەيلا ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر مۇشت قويۇۋەتتىم.

— قۇسە، يەنە قۇسە ھېجىقىز، جىنىڭغا چۇشلۇق ئىچمەي... ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ...!

— ھۆ... ھۆ... ئۇرە، مېنى يەنە ئۇرە. مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت... دادامغا دەيمەن... ئانامغا دەيمەن... ئاكامغا دەيمەن..

ھۆ...ھۆ!

تەلىيىمگە يىراقتىن بىر كىرا ماشىنىسى كېلىپ قالدى. لې-كىن شوپۇر چوڭ يولدا ھۆكىرەپ يىغلاپ ياتقان مەستنى كۆرۈپ كىرا قىلغىلى ئۇنىمىدى.

— ماڭا بىر ياردەم قىلىڭلار. ئۇنى مەنمۇ تونۇمايمەن. ئۆزىچە...

تارتقان خورلۇقلىرىمنى دەپ بولغۇچە تاس قالدىم يىغلاپ سال-غىلى. شوپۇرنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىدىمۇ قانداق ئاخىرى بىزنى شە-ھەرگە ئاچىقىپ قويۇشقا ماقۇل بولدى.

— ئەمىسە كىراسىنى سىلە بېرىسىلەر ـ ھە؟ — دېدى شوپۇر ھېلىقى مەستنى ماشىنىغا سېلىۋېتىپ.

— مەن بېرىمەن. نەچچە پۇل ئالساڭلار مەن بېرىمەن!

— بۇ يەر بىلەن شەھەرنىڭ كېچىلىك كىراسى ئەللىك يۈەن شۇ.

— مەيلى. ئەللىك يۈەننى مەن بېرەي.

— ئاۋۇنىڭغا ئوبدان قاراڭلار ـ ھە؟ ئورۇندۇققا قۇسۇپ قويسا بولمايدۇ!

چاپىنىمنى سېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا قويدۇم، ناۋادا قۇسسىمۇ مې-نىڭ چاپىنىمغا قۇسسۇن دەپ. ئاۋارىچىلىك شەھەرگە كىرگەندە باشلاندى. ئۇ مەستنى نەگە ئاپىرىشىمنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭدىن ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى قانچە سورىساممۇ ئۇ خۇددى ئۆلگەندەك ئۈن ـ تىنسىز يېتىۋالدى. يېنىدا بىرەر ئادرېس ـ ئۇچۇر چىقىپ قالار دەپ خېلى ئاختۇرۇپ باقتىم. لېكىن ئۇنىڭ يېنىدىن نەچچە يۈەن پارچە پۇلدىن باشقا ھېچنېمە چىقمىدى. تېلېفون قاپچۇقىمۇ قۇرۇق ئىدى.

— ئەڭ ياخشىسى سىلى ياخشىلىقنى ئاخىرىغىچە قىلىپ بۇ مەستنى ئۆيۈڭلارغا ئەكىرىپ كېتىڭلار. سىلى دېگەندەك بىرەر مېھمانخانىغا ئەكىرىپ قويساقمۇ، ناۋادا كېچىچە بىرەر ئىش چىقىپ قالسا... مەست دېگەننى ئۇققىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۆزى قۇسۇپ

قوسۇقىنى ئىچىپ سالسا تىنالماي...!

ھازىرقى ئەھۋالدا شوپۇرنىڭ دىگىنىدەك قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەستنى ئۆيۈمگە ياندۇرۇپ كەلدىم...!

ئۆزۈمچە ئىچ ـ ئىچىمدىن بوغۇلۇپ يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى. ھېلىقى يالغانچى قىزنى ئويلىسامىلا غەزىپىم قايناپ تاشاتتى. ئۇنى ئاز دەپ ھېلىقى مەست پات ـ پاتلا سۇ دەيتتى. پات ـ پاتلا ئۆيگە غارىلدىتىپ قۇساتتى. كىيىملىرىمگە قارىغىلى بولمايتتى. خورلۇق ۋە ھەسرەت يۈرىكىمنى بوغاتتى.

ــ مېنىڭ تېلېفونىمنى سىلى ئېلىپ قويدۇڭلارمۇ؟ ــ دېدى ئۇ ئەتىگىنى چاپاق باسقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

ــ نەدىكى تېلېفوننى؟ سىلىنىڭ تېلېفونۇڭلارنى مەن ئالمىدىم!

ــ سىلى ئالمىساڭلار، ئەمىسە كىم ئالىدۇ؟ مېنى سىلى ئەكەلگەن تۇرساڭلار.

ــ ھەي، مەن سىلىنى ئەكەلگەن بىلەن تېلېفونۇڭلارنى مەن ئالمىدىم.

ــ ئەمىسە يېنىمدىكى پۇلچۇ؟

ــ قايسى پۇل؟

ــ ئاخشام مېنىڭ يېنىمدا مىڭ كويغا يېقىن پۇل بار ئىدى. شۇ پۇلنى دەيمەن!

ــ ئەستا... نېمىنداق... ھەي مەن سىلىنىڭ ھېچنېمەڭلارنى ئالمىدىم. مەن ئۇنداق سىلىدەك ئادەمنىڭ بىر نەرسىسىنى ئېلىۋالىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس!

ــ ھازىر ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىكى گەپكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. سىلى مىڭ ئۇنداق دەپ تۇرۇۋالغان بىلەن، گېپىڭلارغا كىم گۇۋاھ ئەمىسە! پۈتۈن بىر كېچە ئىككىمىز يالغۇز تۇرساق. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن غەرق مەست تۇرسام. سىلىمۇ تازا قىزىق بىر ئاداشمۇ

نېمە؟

— گېپىڭلارچە سىلىنىڭ تېلېفونىڭلارنى، پولۇڭلارنى مەن ئې-لىۋاپتىمەن - دە! قىزىق!

— بۇ ئېنىق تۇرامدۇ؟ سىلى ئېلىۋالمىساڭلار كىم ئېلىۋالىدۇ ئەمىسە!

ئۇ شۇنداق يوقىلاڭ گەپلەرنى دەپ ئۆيدىن چىققىلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭغا قانچە چۈشەندۇرسەممۇ، يالۋۇرساممۇ گەپلىرىمگە ھەرگىز ئىشەنمىدى. ھەر نېمە بولسا، بۇگۈن شەنبە كۈنى بولغاچ ئىشقا چىقمايتتۇق. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ ۋاقتىمنى ئېلىشىدىنمۇ ئانچە قورقۇپ كەتمىدىم.

— بوپتۇ، مەن سىلىنىڭ گېپىڭلارغا ئىشىنەي. قارىسام سىلى راستتىنلا كىشىنىڭ ھەققىگە كۆز سالمايدىغان خېلى ئەركەكچە-لىكىڭلار بار ئاداشكەنسىلە. سىلىنى كىچىنىڭياقى بەك ئاۋارە قىپتىمەن. ئەمدى ئويلاپ ھەممە ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ئال-دىڭلىدا سەل خىجىل بولۇۋاتىمەن. ئەگەر ماڭا ئىشەنسەڭلار، ئىك-كى يۈز يۈەن قەرز بېرىپ تۇرۇڭلار. مەن ئىككى كۈن ئىچىدە سى-لىگە ئەكېلىپ بېرىمەن. ناۋادا بەك ئىشەنچ قىلالمىغان بولساڭلار مەيلى. ئۆزۈم بىر ئامال قىلىپ ئۆيۈمگە كېتىۋالارمەن!

— سىلىنىڭ ئۆيۈڭلار بۇ شەھەردە ئەمەسمۇ؟

— ياق، سىلىگە راست گەپ قىلسام، ئۆيۈم XX ناھىيەسىدە ئى-دى. تۈنۈگۈن بىرى بىلەن كۆرۈشكىلى بۇ شەھەرگە كەلگەن.

— ھە... ئەمدى چۈشەندىم. كۆرۈشىدىغان ئادىمىڭلار كەلمەپ-تۇ - دە!

— شۇڭا بايا دېدىمغۇ، ھازىرقى ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىكى گەپكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ دەپ!

تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كېلەرسىلەرمۇ؟

— ياق، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز كۆرۈشمەيمەن. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇچۇن ھازىرغا كەلگۈچە بەك جىق بەدەل تۆلەپ كەتتىم. مەن ئەمدى خىيالىي دۇنيادا ياشاۋەرسەم بولمايدىكەن!

ئۇ لەۋلىرىنى ئەلەم بىلەن قاتتىق چىشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە غىلىلىدە يىغا ياماشتى.

— مەن ماڭاي، كېيىنچە ۋاقتىڭلار يەتسە بىزنىڭ ناھىيەلەرگە بېرىپ ئويناپ كېلىڭلار. خۇدايىم بۇيرۇسا چوقۇم ئالدىڭلارغا ئوبدان چىقىمەن.

— گېپىڭلارغا ئىشىنىمەن. لېكىن سىلىگە دەيدىغان بىر ئېغىز گەپ: ئەر كىشى دېگەن ھەرقانچە خورلۇق، ئەلەم تارتسىمۇ غەزىپىنى هاراقتىن ئالسا بولمايدۇ! چۈنكى هاراق گەپ ئۇقمايدۇ!

— گېپىڭلارنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم. رەھمەت سىلىگە، خاتىرجەم بولۇڭلار. بۇ پۇلۇڭلارنى ئىككى كۈن ئىچىدىلا قولۇڭلارغا يەتكۈزىمەن!

ئۇ چىقىپ كەتتى. تۇرۇپلا كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولۇپ كەتتى. ئىچىمنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە ئاچچىق ئازاب پەيدا بولدى.

تېلېفونۇم شاراق - شۇرۇق قىلىپ كەتتى. يۈرىكىم ئەنسىز سېلىپ پۈتۈن بەدىنىم يېنىككىنە تىترەپ كەتتى. «ئۇچۇر، ئۇنىڭدىن ئۇچۇر كەلدى، ئىتتىنىڭ بالىسى...»

«ئاخشام مېنى بەك ساقلاپ كەتتىڭىزمۇ؟ چوقۇم مەندىن قاتتىق ئاغرىندىڭىز، شۇنداقمۇ؟ لېكىن سىز بىلەمسىز، ئاخشام مەن سىزنى كۆردۈم. مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا بار ئىدىم. لېكىن سىزگە تونۇشلۇق بېرىشنى خالىمىدىم. چۈنكى سىز بەك كېلىشكەن ئادەمكەنسىز. سىزگە تونۇشلۇق بەرسەم ھەر ئىككىلىمىز ئاخىرى

چىقماس ئەگرى يولغا كىرىپ قالىدىكەنمىز. شۇڭا يېنىڭىزدىن تو-نۇشلۇق بەرمەي يېنىپ كەلدىم. مېنىڭ ئەمدى سىزنى داۋاملىق ئالداپ ئۆتكۈم يوق. سىز ئايالىڭىزنى بەك ياخشى كۆرۈدىكەنسىز. ئايالىڭىزمۇ سىزگە شۇنداق ئامراقكەن. سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارنى بۇزغۇم كەلمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزگە تېلېفونمۇ قىلماي-مەن. بۇ كارتىنى بۇگۇندىن باشلاپ ھەم ئىشلەتمەيمەن. سىزمۇ مې-نى ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭ. سىز ھازىر شۇنداق بەختلىككەنسىز. ئۈمىدىم: مۇشۇ بەختنى قەدىرلەڭ! مېنىڭچە ئايالىڭىز سىزگە بۇ دۇنيادىكى جىمىكى راھەت - پاراغەتنى، ھۇزۇر - ھالاۋەتنى، قە-دىر - قىممەتنى سىزگە يەتكۈچە بېرەلەيدىكەن! سىز شۇنىڭغا ئى-شىنىڭ، خەير - خوش، ئامان بولۇڭ!»

ئۇچۇرنى كۆرۈپ تۇرۇشىمغا ئايالىم كىرىپ كەلدى، ئۇ چىرا-يىمغا قاراپلا ھودۇقۇپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ نېمانداق چىرايىڭىز باشقىچىلا...

— ھېچقىسى يوق. ئاخشام ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ قاپتىمىز. شۇڭا...

— قاراڭ بىر كېچىدە كۆزلىرىڭىز ئولتۇرۇشۇپ، ساقاللىرى-ڭىز ئۆسۈپ باشقىچىلا بولۇپ قاپسىز. بولۇڭ، سىز ساقىلىڭىزنى ئېلىپ كىيىملىرىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋېلىڭ. مەن سىزگە ئوخشى-تىپ بىر قاچا سۈيۈقئاش ئېتىپ بېرەي، ئاندىن...

— ئاندىنچۇ؟ ئاندىن نېمىش قىلىمىز؟

— ئاندىن... — ئايالىم ئاستا كېلىپ كۆكرىكىمگە بېشىنى قويدى، — ئاندىن مەن سىزنى بىر يەرگە باشلاپ بارىمەن.

— نەگە؟

— ئاخشام دېيىشكەن يەرگە!

— نېمە؟ نېمە دېدىڭىز...؟

— ئادەم قولىدىكى بەختنى قەدىرلىشى كېرەك. ئۆز قولىدىكى بەختنى بىلمەي بەخت ئىزدەپ يۈرگەنلەر ھەرگىز ھەقىقىي بەختكە ئېرىشەلمەيدۇ. بەخت ھامان بەختنى بىلەلىگەنلەرگىلا مەنسۇپ!

— سىز...!

— مەن... مەن سىزگە بەك ئامراق. مەن سىزگە ھېچكىمنىڭ، ھېچكىمنىڭ تىكىلىپ قارىشىغىمۇ چىدىمايمەن، بىلدىڭىزمۇ؟

ئايالىم گويا كۆكرىكىمنى تېشىپ كىرىپ كەتمەكچى بولغاندەك ماڭا تېخىمۇ مەھكەم يېپىشتى، مەنمۇ ئۇنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلىدىم!...

2008 - يىلى، قەشقەر - يوپۇرغا

# بوۋاي ۋە تۇپراق

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا بوۋاي ھەشەتمەتلىك بېزەلگەن كاتتا ئۆيدە ھوقۇشتەك يالغۇز قالدى.

— سىرتقا چىقما ـ ھە دادا. بولمىسا ئېزىپ قالىسەن.

ئوغلى ھەر كۈنى نەچچە قېتىملاپ تەكرارلايدىغان ئاشۇ گېپىنى تەكرارلىدى ـ دە، ئىشكنى «گۈممىدە» يېپىپ چىقىپ كەتتى.

بوۋاي ئىزىدا — يۇمشاق سافادا ئېزىپ قالغان يېتىم بالىدەك شۇمشىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇنىڭدىن نەچچە يىللار ئىلگىرى ئىشكى ئالدىدىكى بوۋسىدىن مىراس قالغان قېرى ئۈجمىنىڭ ئىككى يىللىق نوتىسىدىن كېسىپ، تۇجۇپلەپ گۈل چىقىرىپ يا ـ سىۋالغان ھاسىسىنى گىلەمگە دىيەپ ئىككى قوللاپ تۇتۇۋالغان بولۇپ، بېشىنى ئىككى بىلىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالغانىدى.

— تېخى ھېلىتىنلا سىلىگە نېمە ھاسىكەن ئۇ، نېمانداق قېرى ـ لىقنى چىللاپ، — دېگەنىدى ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭ مومىيى ئۇنىڭغا يالغاندىن باتناپ.

— قېرىغىنىم ئۆزۈمگە ئايان موماي. بىكار ئولتۇرغىچە تەي ـ يارلاپ قوياي.

— تېخى قېرىپتىمىش، ۋاقتى كەلسە...

— ھە ۋاقتى كەلسە نېمە بوپتۇ؟

— ھېچنېمە... ھېچنېمە... قېلىنلىقىنى ئۇنىڭ، ئۆتۈپ بار ـ سىلا نېرى...

بوۋاينىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ خۇددى راستتىنلا مومىيى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك، مومىيى راستتىنلا ئۇنىڭ يېنىدا ئول ـ تۇرغاندەك ئىككى تەرىپىگە بويۇنداپ قاراپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئاپ ـ

پاق ئاقارتىلغان تامدىن، تاملارغا نەقىش ـ گۈل چىقىرىپ مىخلىنىپ ۋېتىلگەن پەنەركىدىن، ئىشكاپلارغا تىزىۋېتىلگەن چىنە ـ چەينەك، خىرۇستال رۇمكىلاردىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرۈلمەي كۆڭلى شۇنداق يېرىم بولۇپ كەتتى. «ئىسست، نېمىشقىمۇ مېنى مۇشۇنداق يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ئۆزلۈك بالدۇر كېتىۋالغان بولغىيتىڭ موماي. نېمىشقىمۇ مېنىڭ مۇشۇنداق كۆنلەرگە قېلىشىمنى، ئۆز ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە تۇتقۇن بولۇپ سولۇنۇپ قېلىشىمنى ئويلىمىغان بولغىيتىڭ؟ ناۋادا مېنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمنى بىلسەڭ چىدالارمىدىڭ؟!»

— ياق، ياق، مەن چىدىمىدىم، مەن سىلىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشلىرىغا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. شۇڭا يانلىرىغا يېنىپ كەلدىم. مەن سىلىنى ئۆزىمىزنىڭ كونا ئۆيىدە ساقلاۋاتىمەن. قايتىپ كەلسىلە!

بوۋاي ئۆزىنىڭ يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر ھالەت بىلەن ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى. لېكىن ئۇ ھەرقانچە قارىغان بىلەنمۇ ئۆيدىن مۇڭ، غېرىبچىلىقتىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى.

بوۋاي دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ئورۇنداقتا ئولتۇردى. بۇ ئورۇندۇقنى ئوغلى بوۋاينىڭ مۇشۇ دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن مەخسۇس قويۇپ بەرگەنىدى.

— بۇ دېگەن چوڭ شەھەر دادا. سىرتقا چىقساڭ ئاسانلا ئېزىپ قالىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىن ئەتراپتا سەن بىلەن مۇڭدىشىپ ھال ـ مۇڭ بولغۇدەك ئادەملەرمۇ يوق. شۇڭا سىرتقا چىقماي ئۆيدە ئولتۇر. بەك زېرىكسەڭ دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ مۇشۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سىرتقا قارا، سىرت دېگەننى چىقىپ كۆرسىمۇ، ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ دېرىزىدىن قاراپ كۆرسىمۇ ئوخشاش!

بوۋاي ئوغلىنىڭ دېگىنىنى قىلدى. ئۇ راستتىنلا ئېزىپ قېلىشتىن قورقتىمۇ ياكى سىرتقا چىقسىمۇ مۇڭداشقۇدەك بىرەرسى-

نى تاپالماسلىقتىن ئەنسىرىدىمۇ، ئىش قىلىپ، ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ باقمىدى. ئۇنىڭ يېيىشى، ئىچىشى... ھەممىسى مۇشۇ ئۆيدە بولاتتى. بوۋايغا ئەڭ دەسلەپتە باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا مەيلى تاماق يەۋاتقان، مەيلى ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈپ پاراڭلىشىۋاتقان ۋاقىتتا بولمىسۇن، كۆز ئالدىدا ئىشىكنى گۇپپىدە يېپىۋېتىپ كىرىپ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش زادىلا ياقمىدى. ئۇنىڭغا زادىلا كۆنەلمىدى. شۇڭا ئۇ ئوغلىدىن بىنانىڭ پەس تەرىپىدە، يېقىنراق بىر يەرلەردە مۇشۇنداق بىر يەرنىڭ بارلىقىنى سورىۋىدى، ئوغلى كۈلۈپ كەتتى.

— يوق دادا، بۇ ئەتراپتا ئۇنداق يەرلەر يوق. ئۇنداق يەر دېگەن ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز ئۆيىدە بولغاندىكىن...

— لېكىن بالام... بۇ... ئادەم تازا...

— ھېچقىسى يوق، دادا، تارتىنما، شەھەر دېگەندە، بولۇپمۇ بىنا ئۆي دېگەندە مۇشۇنداق بولىدىغان ئىشكەن. بۇنى ھازىر ھەممىمىز توغرا چۈشىنىدىغان بولۇپ كەتتۇق. سەنمۇ تارتىنماي كىرىۋەر!

— لېكىن، بالام ھەرقانچە بولۇپ كەتسىمۇ ئادەم دېگەن تارتىنىدىغان يەردە تارتىنىش، ھايا ـ پەدىشەپ قىلىدىغان يەردە يەنىلا ئازراق بولسىمۇ ھايا ـ پەدىشەپ قىلغىنى ياخشى، ھايا ـ پەدىشەپ يوقالسا...

— بۇنىڭلىق بىلەن ھايا ـ پەدىشەپ يوقىلىپ كەتمەس، دادا...

— ھەممە ئىش مۇشۇنداق ئاستا ـ ئاستا، كىچىك ـ كىچىكتىن باشلىنىدۇ، بالام...

كۈنلەر ئۆتكەنچە بوۋاينىڭ قاتتىق ئىچى سىقىلىدىغان بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ ئاتمىش نەچچە يىللىق ئۆمرىنى كەڭرى يېزا ـ قىشلاقلاردا ئېشەك مىنىپ، ئات چاپتۇرۇپ، كەتمەن چېپىپ، يەر ئاغدۇرۇپ، ئورما ئوروپ، خامان سوروپ، جامائەت بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكۈزگەن بىر ئادەمنى گۇگۇت قېپىدەك بىر ئۆيگە يالغۇز سولاپ قويسا بۇنىڭغا چىدىيالامدۇ؟ ئىچى سىقىلماي، يۈرىكى تىپچەكلىمەي

قالامدۇ؟

— مېنى ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قوي، بالام. مەن... مەن شۇ يەردە...

— قېرىغان چېغىڭدا ئۇ سەھرايى قىيامەتتە نېمە بار ساڭا؟ مەن سېنى ئاچ - يالىڭاچ قويدۇمموۇ؟ بۇ ئۆيدە نېمە دېسەڭ تۇرسا، نېمە يېسەڭ ئېتىپ بېرىۋاتساق...

— لېكىن، بالام مەن...

— ھازىرچە كۆنەلمىگىنىڭ توغرا، دادا. لېكىن كۈنلەر ئۆتكەن-چە بۇ يەرگە، بۇ ئۆيگە چوقۇم كۆنۈپ قالىسەن. سېنى بۇ تۇرقىڭدا يالغۇز يېزىغا — كونا ئۆيگە ئاپىرىۋەتسەم ئەل - جامائەت، قوش-نا - قولۇملار نېمە دەيدۇ؟ شەھەردە شۇنچە چوڭ ئۆيى تۇرۇپ، تۇر-مۇشى شۇنچە باياشات تۇرۇپ، دادىسىنى باقالماي ئەكېلىپ قويۇپ-تۇ، ئېھتىمال كېلىنى پاتقۇزمىغان ئوخشايدۇ دەپ سۆز - چۆچەك قىلىشمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەن تىكەندەك يالغۇز تۇرساڭ. بولدى دادا، باشقىچە خىياللاردا بولماي مۇشۇ ئۆيدە تۇرىۋەر. كۈن-لەر ئۆتكەنچە چوقۇم كۆنۈپ كېتىسەن!

ئوغلى بىلەن بوۋاينىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ گەپلەرنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ھازىر ئىككى يىلدىن ئاشتى. لېكىن بوۋاي بۇ ئۆيگە راستىنلا كۆنەلىدىمۇ؟ ياق، بوۋاي يۇرىكىدىكى راست گەپنى قىل-غاندا بۇ ئىككى يىلنى گويا تۈرمىدە ئۆتكۈزگەندەك قىسىلچىلىقتا ئۆتكۈزدى. ئوغلىغا، كېلىنىگە، نەۋرىلىرىگە بىلىندۇرمىگىنى بى-لەن يۈرىكىدە قاتتىق ئازابلاندى. كېچىلەردە يوتقانغا پۈركىنىپ مومىيىنى، قوشنا - قولۇملىرىنى، دوست - بۇرادەرلىرىنى، ئۆت-كەن كۈنلىرىنى ئويلاپ لۆم - لۆم يىغلىدى. ئوغلى بوۋاينى ئال-دىنقى يىلى قۇربان ھېيتتا يۇرتىغا ئاپىرىۋىدى، بوۋاي قوشنا - قولۇملىرىنى كۆرۈپ خۇددى كىچىك بالىدەك ھېقىقداپ يىغلاپ كەتتى. ئوغلى بىلەن يېنىپ كەلگىلى ئۇنىماي خېلى قەغىشلىك قىلىپ بېقىۋىدى، ئوغلى ئۇنى ماشىنىغا زورلاپ دېگۈدەك بېسىپ

ياندۇرۇپ كەلدى.

— نېمىنداق كىچىك بالىدەك قىلىق قىلىپ يۈرۈيسەن؟ مەن سېنى باقالمىدىممۇ؟ ئاچ - يالىڭاچ قويدۇممۇ؟ قېرىغان چېغىڭدا ئوبدان بىر بېقىۋالاي دېسەم...

بوۋاينىڭ يۈرىكى كۆيۈپ كەتتى. ئۇ ئوغلىغا: «مېنى رازى بولسۇن، ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم، خۇشال ئۆتكۈزسۇن دېسەڭ ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە، قوشنا - قولۇملىرىمنىڭ يېنىدا، مۇشۇ تۇپىلىق تۇپراقتا قويۇپ كەت» دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئوغلىنىڭ چىرايىغا قاراپلا يەرگە گېپىنى يۇتۇۋەتتى. چۈنكى ئوغلى ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

بوۋاي ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ياسىداق ئۆيدە ھەر كۈنى تىكەندەك يالغۇز قالاتتى. ئوغلى بىلەن كېلىنى خىزمەت ھەلەكچىلىكى بىلەن، نەۋرىلىرى ئوقۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراشلا ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ بوۋاينىڭ يېنىدا بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ، ھال - مۇڭ بولۇشقىدەك ۋاقىتلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خۇددى كونۇپكا بىلەن باشقۇرۇلىدىغان ماشىنا ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشايتتى. ئەتىگىنى ئىشقا بېرىشقا يېرىم سائەت قالغاندا ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇشاتتى - دە، يۈز - كۆزلىرىنى نۆۋەت بىلەن چالا - پۇچۇق يۇيۇشۇپ، بار - يوقنىڭ ئورنىدا ناشتا قىلىشىپ، خۇددى جەڭگە ئاتلانغان ئەسكەرلەردەك تاراقشىپ مېڭىشىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىشەتتى. چۈشتە ئالدىراشلىق تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاتتى. كېلىن ئۆيگە كىرە - كىرمەيلا چاپىنىنى سېلىپ پەشتامىسىنى تارتىپ ئاشخانىغا ماڭاتتى. ئوغلى سەي ئادالاپ، سەي قورۇيتتى. كېلىن خېمىر يۇغۇرۇپ پىلتە قىلاتتى. نەۋرىلەر تېلېۋىزور ئالدىغا كېلىپ قورۇق نانىنى غاجىلاپ يېيىشكەچ، قونچاق فىلىمى كۆرەتتى. بوۋاي بىلەن كارى بولمايتتى، تاماق پىشاتتى. كېلىن بىر قاچا لەغمەن ياكى بىر قاچا گۇرۇچ تامىقىنى بوۋاينىڭ ئالدىغا تاققىدە قوياتتى - دە، ھەممىسى

ھاپىلا ـ شاپىلا تاماق يېيىشكە باشلايتتى. قاچا ـ قۇچىلار ئىزىدا قالاتتى. ئۇلار يەنە شۇنداق ئالدىراشلىق بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كې- تىشەتتى. كەچلىرى ئەھۋال تېخىمۇ جىددىيلىشەتتى. كېلىن ئىش- تىن چۇشۇپ كىرىپلا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ، بوۋاي- نىڭ بار ـ يوقلۇقى بىلەن پەرۋايى پەلەك ھالدا بولۇشىغا گىرىم قىلىپ، كىچىككىنە سومكىسىنى بوينىغا ئېسىپ قانداقتۇر بىر ئولتۇرۇش، قانداقتۇر بىر چاي، قانداقتۇر بىر يىغىلىشنىڭ گې- پىنى قىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. ئوغۇل چۈشتىكى قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇپ، ئاشخانىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئەخلەتلەرنى پەس- تىكى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاپ چىقاتتى. ئۆزىنىڭ قولىدىن كې- لىدىغان تاماقلارنى ئېتىپ بوۋايغا، باللارغا بېرەتتى. باللار مەك- تەپتىن كېلىپلا يەنە تېلېۋىزور كۆرگەچ دوم يېتىپ تاپشۇرۇق ئىشلەيتتى. تۈن تەڭدىن ئاشقاندا ياندىكى ھوجرىدىن بەزىدە ئەر ـ ئاياللىنىڭ نېمىلەرنىدۇر تالىشىپ غازىلىدىشىپ ئۇرۇشقان، بەزىدە ئەر ـ ئاياللىنىڭ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۇسۇرلاشقان، بەزىدە پىد- خىلدىشىپ كۈلۈشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. گۇگۇت قې- پىدەك بۇ ئۆيدە بوۋاي ھەممىنى ئاڭلاپ، ھەممىنى بىلىپ تۇراتتى. لېكىن بوۋاي ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغان، ھېچنېمىنى بىلمىگەن بو- لۇۋالاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بوۋاينى ئەڭ بىئارام قىلىدىغىنى سۇ- نىڭ شارىلدىغان ئاۋازى ئىدى.

بۇ ئۆيدىكى كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتەتتى.

ئۆيدىن تالاغا چىقماي، ئۆتكەن كۈنلەرنى تولا ئويلاپ، يۈرىكى قىسىلىپ، ئۆزى سىقىلىپ، ئىش ـ ھەرىكەتسىز يۇرۇۋۇەرگەچكە، بوۋاينىڭ چىرايى پارقىراپ تۇرغىنى بىلەن تېنى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ، قوپسا ـ ماڭسا پۇت ـ قوللىرى دىرىلدەپ تىترەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى ئوغلىغا دېۋىدى، ئوغلى بۇنى قېرىلىق- نىڭ ئالامىتى دەپلا بوۋاينىڭ ئاغزىنى ئەتتى.

بوۋاي بۇ ئۆيدىن كېتىشنى ئويلايتتى. ئۆزىنىڭ كونا ئۆيىگە

بىرىنۋالسىلا، قايتىدىن ياشىرىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. لې-كىن ئوغلى بوۋاينىڭ تەلىپىگە ھەرگىز ئۇنىمايتتى.

— ئىككىنچىلەپ بۇنداق خىيالنى قىلغۇچى بولما. مەن سېنى ئەمدى ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ ئۆيدە، ئۆز قولۇم بىلەن با-قىمەن، سېنى ھېچ يەرگە بارغۇزمايمەن!

بوۋاينىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى. يۈرىكى گۈپپىدە ئوت ئېلىپ، كۆزلىرىگە غىلىلىدە يېغا يامىشاتتى. ھاسىسىنى توكۇلدى-تىپ، ئاستاغىنە مېڭىپ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتەتتى.

بوۋاي دېرىزە تۈۋىدە سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ خۇددى كىچ-چىك باللاردەك ئىڭىكىنى دېرىزە تەكچىسىگە قويىۋالغان بولۇپ، كۆزلىرى قۇياشلىق ئاسمانغا مىختەك تىكىلگەنىدى.

«توغرا»، — دەپ پىچىرلىدى بوۋاي ئۆزى ئاران ئاڭلىغۇدەك پەس ئاۋازدا، — مەن بۇ ئۆيدىن — ئۆز ئوغلۇمنىڭ ئۆيىدىن قې-چىپ كېتىشىم كېرەك. مەن بۇ ئۆيدە ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ بۇنداق يېتىۋەرسەم بولمايدۇ، مەن تولىمۇ يىراق، ئوغلۇم ئىككىن-چىلەپ تاپالمايدىغان بىر يەرگە قېچىپ كېتىشىم كېرەك! ئۇنداقتا نەگە، قانداق قېچىپ كېتىشىم كېرەك؟!...»

بوۋاي كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇ ئەمدى تەۋەككۈل دەپ قېچىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

بوۋاي ئۆيدىن چىقتى. ئۇ سىرتقا چىقىپلا ساپ ھاۋادىن نەچچە قېتىم ئېغىزىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. ئۇ خېلى ئۇزۇندىن بۇيان كۆنگە بىۋاسىتە تىكىلىپ قاراپ باقمىغاچقا، دەمال كۆزلىرى چاڭ-قىيىپ ياشاڭغىراپ كەتتى. ئۇ قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ تۇرغاندا، كۆز ئالدىدا قاردەك ئاپپاق ئات قوشۇلغان، ئۈستىگە ئې-سىل گىلەم بىلەن يۇمشاق كۆرپە سېلىنغان بىر ئات ھارۋىسى پەيدا بولۇپ قالدى. ئات ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرنى تېپىپ چاپچىپ تۇراتتى. ئاتنىڭ يۇگەن، جابدۇقلىرىدىكى كولدۇر-مىلار جىرىڭلاپ تۇراتتى.

— چىقسىلا، هارۋىغا چىقسىلا!

بوۋاي چۆچۈپ كەتتى. كىمدۇر بىرى ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى. ئۇ ئەتراپىغا قانچە قارىغان بولسىمۇ، لېكىن هېچكىمنى كۆرەلمىدى.

— بولسىلا، هېلى ئوغۇللىرى كېلىپ قالسا سىلىنى يەنە ئۆيگە سولىۋالىدۇ!

بوۋاي تەۋەككۇل دەپ هارۋا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەجەبلىنەرلىكى، تېخى بايىلا پەلەمپەيدىن چۈشكىچە ئاغرىپ ماڭغىلى قويمايۋاتقان پۇتلىرى بىردىنلا يېنىكلەپ قالغان، قەدەملىرى خۇددى ياش، قىران يىگىتلەرنىڭ قەدىمىدەك چاققان بولۇپ كەتكەندى.

بوۋاي هارۋىغا سەكرەپ چىقتى. ئۇچقۇر ئاق ئات گويا شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قاتتىق كىشنىدى ـ دە، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

— مېنى مەهكەم تۇتۇۋالسىلا، بولمىسا يىقىلىپ چۈشىلا.

بوۋاي يېنىغا قارىدى، قارىدىيۇ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئاپپاق پۈركەنچە ئېچىدە ئۇنىڭ مومىيى ئۆزىگە قاراپ ئولتۇراتتى. موماي سول قولى بىلەن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى مەهكەم تۇتۇۋالغان بولۇپ، ئوڭ قولىدا قىسقا دەستىلىك كۆن قامچا تۇراتتى.

— بۇ... سىز... قانداق بولۇپ...

— سىلىنى بۇ قىسماقتىن قۇتۇلدۇرغىلى، ئەركىنلىككە چىقارغىلى كەلدىم، بوپتىمۇ؟

موماي بوۋاينىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى. بۇ قاراشتىن بوۋاينىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ، پۈتۈن بەدىنى لايدەك بوشىشىپ كەتتى.

— سىز تېخىغىچە قېرىماپسىز، سىز تېخىچە بىز يېڭى تونۇشقان ئاشۇ چاغلاردىكىدەك، تونجى توي ئاخشىمىدىكىدەك شۇنداق گۈزەل تۇرۇپسىز!

— قېلىن، قېرىغاندا شۇ گەپلەرنىمۇ دەپ يۈرەمدۇ؟

— دېگۈم كېلىدىكەن. مەن ئۇ كۈننى هەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن.

موماي بوۋاينىڭ باغرىغا ئاستىلا شۇڭغىدى. بوۋاي تىترەپ، تەمتىرەپ تۇرۇپ مومايىنىڭ چاچلىرىنى، يۈز - كۆزلىرىنى ئاستا سىلىدى.

— نېمىنداق تىترەيلا؟

— شۇ كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن... بەك ئۇزۇن بولغاچقا...

— ئوغلىمىزنىڭ ئۆيىدە قىينالدىلىمۇ؟ ئىچىلىرى بەك سىقىلىپ كەتتىمۇ؟

— قىينالدىم. ئىچىم بەك سىقىلدى. كەڭرى يېزا - قىشلاقلاردا ئاتتەك چاپچىپ، كۆڭلۈم خالىغان ئىشنى قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان مەندەك ئادەمگە بۇنداق يەردە تۇرۇش خۇددى قەپەسكە سولاپ قويغاندىنمۇ ئارتۇق ئازابكەن. بالا - چاقا دېگەن ئاتا - ئانىنىڭ كۆڭلىنى ئۇنداق ئاسان چۈشەنمەيدىكەن. ئۇنىڭغا نەچچە - نەچچە قېتىملاپ پۇرىتىپ باقتىم لېكىن ئوغلۇم بىلگىلى ئۇنىمىدى. ئۇلارچە بولغاندا ئادەمگە قۇۋۋەتلىك يېمەك - ئىچمەك، ياخشى كىيىم - كېچەك، ياسىداق ئۆي - ھۇجرا بولسىلا بەختلىك ياشىغان بولارمىش! خۇددى قېلىپتا قۇيۇپ قويغاندەك، قەلەمدە سىزىپ قويغاندەك ئۇنداق تۆت چاسا تۇرمۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ياشلار بىزدەك ياشانغانلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىكەن. ئۇلار بىزنى ئەسلىي چىن دىلىدىن رازى قىلاي دېسە، بۇنداق توخۇ كاتىكىدەك ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىگە ئەكېلىپ سولىۋالماي، كىچىك بولسىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدە ئەركىن - ئازادە ياشىغىلى قويغان بولسا بولاتتى. بۇ يەردە ئادەم يا خاتىرجەم كورتتىدا بىرنى ئوسۇرالمىسا، يا قاتتىقراق يۆتىلەلمىسە، يا ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ تاھارەت قىلالمىسا... بەك قىسىلدىم، بۇ ئۆيدىن بەك زېرىكتىم موماي، مېنى يېنىڭىزغا ئەكېتىپ بەك ياخشى قىلدىڭىز، ئەمدى مەن بۇ يەرگە ئىككىنچىلەپ كەلمەيمەن...

— لېكىن ئوغۇللىرى...

— خاپا بولسا مەيلى، ھېلىمۇ ئوغلۇمنى خاپا بولىدۇ دەپ نەچ-

چە يىل دوزاخ ئازابىنى تارتتىم. ئەمدى مېنىڭ يەنە داۋاملىق
بۇنداق سىقىلىپ ياشىغۇم يوق!

— ماقۇل، ماقۇل بوۋاي. ئەمىسە مەن سىلىنى يىراق، بەك
يىراق، ھېچكىم تاپالمايدىغان بىر يەرگە ئەكېتەي!

موماي شۇنداق دەپ قولىدىكى كۆن قامچا بىلەن ئاق ئاتنىڭ
ساغرىسىغا بىر ئۇرۇۋىدى، ئات ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈ-
رۇپ قاتتىق كىشنىدى ـ دە، كۆككە قاراپ كۆتۈرۈلدى. ھارۋا قات-
تىق سىلكىندى. بوۋاينىڭ قولى مومايىنىڭ بېلىدىن ئاجراپ كەت-
تى ـ دە، ھارۋىدىن دومىلاپ چۈشۈپ پەسكە قاراپ ئوقتەك شۇڭ-
غىدى...!

— دادا... دادا... ساڭا نېمە بولدى، دادا؟ كۆزۈڭنى ئاچ، دادا!

بوۋاينىڭ قۇلىقىغا يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك تولىمۇ بوش
بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. لېكىن بوۋاي بۇنىڭ كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلى-
كىنى ئايرىۋالالمىدى.

— بۇ... بۇ قەيەر؟ بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟... مەن ھازىر نەدە؟

خېلى ئۇزۇندىن كېيىن بوۋاي ئاستا كۆزلىرىنى ئاچتى ـ دە،
بوشقىنا شىۋىرلىدى.

— بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، بۇ ئوغلۇڭنىڭ ئۆيى، دادا.

— ئاناڭ... ئاناڭ قېنى؟ ئۇ تېخى ھېلىلا... ئاق ئات قوشۇلغان
ھارۋىدا...

— دادا، كۆزۈڭنى ئاچ، دادا، ساڭا نېمە بولدى ـ ھە؟

بوۋاي شۇ ياتقىنىچە نەچچە كۈن يېتىپ قالدى. ئوغلى بىلەن
كېلىنىنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، ئۇلار كۆپىنچە ئىشكىنى
مەھكەم ئېتىۋېتىپ چىقىپ كېتىۋېرەتتى. بوۋاي ئۆيدە تىكەندەك
يالغۇز قالاتتى. نەۋرىلەرنىڭ بولسا بۇ ئۆيدە مۇشۇنداق بىر چوڭ
دادىسىنىڭ بارلىقى خىياللىرىغىمۇ كىرىپ چىقماي تېلېۋىزور يا-
كى كومپيۇتېر ئالدىدا قېتىپ ئولتۇرۇپ ئويۇنچۇق ئوينىشاتتى.
بۇ كۈنلەردە بوۋاينىڭ پۇتلىرى تېخىمۇ ئاغرىپ، بارا ـ بارا ئورنى-

دىن تۇرالماس ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى.

«مەن ئەمدى مۇشۇنداق يېتىپ ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلايتتى بوۋاي كارىۋاتتا يېتىپ كۆزلىرىدىن لۆم - لۆم ياش تۆ- كۈپ، «ناۋادا مەن ئۆز ئۆيۈمدە تۇرۇۋەرگەن بولسام، ھەرگىز بۇ ھالغا چۈشۈپ قالمايتتىم. قوشنا - قولۇملىرىم ئاش - تاماق ئە- كىرىپ بېرىشەتتى. يېنىمغا چىقىپ پاراڭلىشاتتى. بىز تەڭتۇشلەر بىر يەرگە يىغىلىپ ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلار توغرىلىق قىزغىن پاراڭلىشاتتۇق، كۇلۈشەتتۇق، يىغلىشاتتۇق... ھە... ي مەھەللىدى- كى ھېلىقى ئارىپ توقىناق قانداقراق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ ئۇنىڭ كېسىلى ئازراق ياخشىلانغانمىدۇ؟ ھېلىقى ھەمە پىستەكچۇ؟ ئۇ يەنە ئىت بې- قىپ تۇرۇۋاتامدىغاندۇ؟... توۋا دېگۈلۈك، ئادەمنىڭ خۇي - پەيلى، ھەۋەس، قىزىقىشى دېگەن باشقىچە بولىدىغان ئىشكەن. ھەمە پىس- تەك پۈتۈن ئۆمرىنى پەقەت ئىت بېقىش بىلەنلا ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئىت دېگەن ۋاقتى كەلگەندە ئادەمدىنمۇ ۋاپادار، ئادەم- دىنمۇ ئەقىللىكمىش. شۇڭا ساقچىلارمۇ مەخسۇس رازۋېدكا ئىتلى- رىنى تەربىيەلەيمىش. ئىت ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بەك چۈشىنەر- مىش، ئۇ ئىتنىڭ خارىلداپ ھاسىراپ تۇرغىنىنى ئاڭلاپ تۇرمىسا پەقەت ئۇخلىيالمايمىش، يېگەن تامىقىنىڭ يېرىمىنى ئىتقا بەرمە- سە تاماق يېگۈسى كەلمەسمىش.

— ئىت دېگەن، — دەپ سۆزلەيتتى ئۇ بەزىدە توم زەنجىر بىلەن باغلىۋالغان يوغان كۇل رەڭ ئىتنى خۇددى بالىسىنى ئەركىلەت- كەندەك ئەركىلىتىپ، دۇمبىلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئىت دېگەن شۇنداق بىر جانىۋاركى، ئۇ بەزىدە سېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلى- قىڭنىمۇ بىلىۋالالايدۇ، سېنىڭ چىرايىڭغا، كۆزلىرىڭگە قاراپلا كۆڭلۈڭدىكىنى تاپالايدۇ. راست گەپنى قىلسام، مەن بۇ ئىتىمنى بالىلىرىمدىنمۇ ئارتۇقراق كۆرىمەن!

— تۇزۇك گەپ قىلىڭلار ھەمىراخۇن. بۇنداق دېسەڭلار خۇدانىڭ ئالدىدا كۇپۇرلۇق بولۇپ كېتىسىلەر جۇمۇ. نەدىمۇ بىر ئىتنى ئا-

دەمدىن، تېخى ئۆز بالىسىدىنمۇ ئارتۇق كۆرۈدىغان ئىش بار؟

— سىلەر بىلمىگەندىكىن شۇنداق دەيسىلەر. ناۋادا مېنىڭ بې-شىمغا كەلگەن كۈنلەر سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كېلىپ، ئىتنىڭ ۋاپادارلىقىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرگەن بولساڭلار، گېپىمگە چىن پۈتتەتتىڭلار.

— ئەمىسە دىمەمسىلەر؟ ئىت سىلىگە زادى قانداق ۋاپادارلىق كۆرسەتكەن؟

— بۇ گەپنى دېسەم بەك ئۇزۇن، لېكىن ئاڭلىساڭلار چوقۇم ھەيران قالىسىلەر.

ھەمە پىستەك كۆك تاماكىسىنى چىڭ - چىڭ شوراپ تۈتۈنىنى يېنىدا تىلىنى ئۇزۇن چىقىرىپ خارىلداپ ياتقان يوغان كۈل رەڭ ئىتنىڭ يۈزلىرىگە پۈۋلىۋېتىپ گېپىنى باشلايتتى.

— ئۇ چاغ مېنىڭ تېخى ئەمدىلا ئون تۆت - ئون بەش ياشلارغا كىرگەن ۋاقتىم ئىدى. بىز رەھمەتلىك دادام بىلەن ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كالا ھارۋىسى بىلەن ئېشەك ھارۋىسىنى ئېلىپ ناھىيە-مىزنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى تۈدىكا مەيدان دەپ ئاتىلىدىغان ئاياغ جاڭگالغا بېرىپ ئوت چاناپ كېلەتتۇق. بۇ جاڭگالنىڭ يولى ئۇزۇن، قۇملۇق، ئەسكى بولغاچقا ئادەملەر ئاسانلىقچە كىرەلمەيت-تى. جاڭگالدا كۆك يانتاق، قامغاق، كۆۋرۈك، قۇمۇش دېگەندەك ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ ئادەم بويى كېلەتتى. جاڭگالغا بېرىۋالساقلا ئىككى - ئۈچ سائەتتە ئىككى ھارۋا ئوت چاناپ بولالايتتۇق. لېكىن جاڭگالغا بېرىش، ئەڭ مۇھىمى جاڭگالدىن يېنىپ كېلىش بەك قى-يىن ئىدى. جاڭگالغا بېرىشقا ئەڭ تېز بولغاندىمۇ بىر كېچە - كۈندۈز، كېلىشكە ئىككى كېچە - كۈندۈز ۋاقىت كېتەتتى. شۇ جاڭگالغا كىرىپ ئوت ئاچىقمىساق يېقىن ئەتراپتا ئۇنداق جاڭگال يوق، جاڭگال بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنداق بولۇق ئوت - چۆپ يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا تۇرمۇشىمىز بەك قىيىنچىلىقتا بولغاچقا، بار - يوقى بىر كالىمىز بىلەن بىر ئېشىكىمىزدىن باشقا چارۋىمىز يوق

ئىدى. ئاشۇنداق ئوت ـ چۆپ ئاچقىپ بىر تەرەپتىن كالا، ئېشەكـ
نىڭ ئالدىغا سېلىپ قىغ قىلىپ يەرگە تۆكسەك، يەنە بىر تەرەپـ
تىن، كۆك يانتاق، قامغاقلارنى يەرلەرنى كولاپ كۆمەتتۇق... دادام
بىلەن جاڭگالغا ساق ئالتە قېتىم كىرىپ ساق ـ سالامەت يېنىپ
چىقتۇق. لېكىن، يەتتىنچى قېتىم كىرگەندە تاس ـ تاس قالدۇق
جېنىمىزدىن ئايرىلىپ قالغىلى. ئۇ، سوغۇق سۆڭەكتىن ئۆتۈۋاتقان
دېكابىر ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. تۇتۇق، كۆل رەڭ ئاسـ
ماندىن يېغىنىنىڭ ئۇچىدەك ئۇششاق قار ۋىژىلداپ چۈشەتتى.
جاڭگالغا كىرىپ ئىككى هارۋىغا ئوتنى بېسىپ هەر قېتىمقىغا
ئوخشاشلا كەچ كىرىپ كەتكۈچە جاڭگالدىن چىقىپ دەريا بويىغا
بېرىۋالماقچى بولدۇق. جاڭگال يولى بەك ئەسكى ئىدى. پۇر ـ پۇر
شور توپىغا هارۋا چاقى قەدەمدە بىر پېتىپ قالاتتى. شۇڭا بىز هەر
قېتىم بىر هارۋىنى ئىزىدە قويۇپ، يەنە بىر هارۋىنى بىرىمىز ئالـ
دىدىن كالا، ئېشەك بىلەن تەڭ تارتىپ، هارۋىنىڭ كەينىدىن ئىتـ
تىرىپ يۈرۈپ ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىر نېرىغا ئاپىرىۋېتىپ، يەنە
بىر هارۋىنى يەنە شۇ ئۇسۇلدا ئاچىقاتتۇق. شۇ چاغدا بىزنىڭ جۇـ
غى سەل كىچىكرەك بىر سېرىق ئىتىمىز بولۇپ دائىم ئۇنى بىرگە
ئېلىۋالاتتۇق. ئۇ ئىت بەك ئەقىللىق، شۇنداق سەزگۈر ئىدى. ئۇ
دادامنىڭ گەپلىرىنى بىلىدىغاندەك دادام نېمە دېسە شۇنى قىلاتتى.
ئۇ بىز بىر هارۋىنى ئېلىپ ماڭغاندا، يەنە بىر هارۋىنىڭ يېنىدا
قېلىپ، ئۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق بولاتتى. بىز ئۇ هارۋىنى ئاپىرىۋېـ
تىپ جاڭگالدا قالغان هارۋىنىڭ يېنىغا كەلگەندە بولسا، ئىت دادام
بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر نېمىلەرنى دەپ بوشقىنا
غىڭشىپ قوياتتى ـ دە، يۈز ـ كۆزلىرىنى پاچاقلىرىمىزغا سۈركەـ
ۋېتىپ، بىز نېرىغا ئاپىرىۋەتكەن هارۋىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈـ
رۈپ كېتەتتى. مەن پەرەز قىلاتتىمكى، ئۇنىڭ بوشقىنا غىڭشىپ
قويغىنى بىزگە: «ئەمدى مەن ئاۋۇ هارۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ قاراپ
تۇراي، سىلەر كەينىمدىن بېرىڭلار...» دېگىنى ئىدى.

— ئىت دېگەنمۇ شۇنداق ئەقىللىق بولامدىغان، — دەپ قويياتتى دادام پىلتىڭلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئىتنىڭ كەينىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە قاراپ.

بىز بۇ قېتىم ئېشەك هارۋىسىنى جاڭگالدا قويۇپ كالا هارۋىسىنى ئاۋۋال ئاپىرىۋېتىدىغان بولدۇق. يول ئەسكى ئىدى. ياغاچ هارۋىنىڭ يوغان چاقى پۇر - پۇر شور توپىغا غېرىچچە پېتىپ ماڭاتتى. كالا پۇتۇن كۈچى بىلەن كۆچەيتتى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئېقىش شالى، يوغان قارا كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ تۇراتتى. دادام هارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىدە تۇرۇپ، هارۋا شوتىسىدىن تۇتۇپ كالا بىلەن تەڭ كۆچەيتتى. مەن بىردە هارۋىنىڭ كەينىدىن، بىردە هارۋىنىڭ ئىككى چاقىدىن ئىتتىرىپ ماڭاتتۇق. هارۋا بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن بەك ئاستا ئىلگىرىلەيتتى. گەرچە ئاسماندىن ئۇششاق قار چۈشۈۋاتقان، سوغۇق جاندىن ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ كالىمۇ، بىزمۇ چىپىلداپ تەرلەپ كەتتۇق...

— بۇ قېتىم تىنچ - ئامان يېرىۋالساق ئەمدى بۇ جاڭگالغا كەلمەيلىمىكىن، بالام، سوغۇق بەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كالا، ئېشەكلەر سەل ئاجىزلاپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئالىمادىس... — دادام يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى بېلىدىكى بەلبېغى بىلەن سۈرتكەچ شۇنداق دېدى.

— يەنە ئۈچ قېتىم كىرسەك ئون يول بولاتتى، دادا. ئون مو يېرىمىزگە بىر هارۋىدىن يېتەتتى.

— يەتمىسە يېتىشچە ئىشلىتەرمىز، بالام، قالغىنىنى سالامەت بولساق، كېلەر يىلى قىشتا يەنە ئاچىقامىز.

— مەيلى ئەمىسە...

بىز كالا هارۋىسىنى ئاچىقىۋېتىپ، ئېشەك هارۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىشىمىزگىلا سىرىق ئىت يۈگۈرۈپ ئالدىمىزغا كەلدى - دە، بىزنىڭ پاچاقلىرىمىزغا سۈركىشىپ نېمىلەردۇر دەپ غىڭشىپ كەتتى. ئۇ كۆل رەڭلىك تۇتۇق ئاسمانغا قاراپ بوشقىنا قاۋاپ

قويدى.

— بالام تېز بولايلى، بۈگۈن ئەھۋال سەل چاتاق تۇرىدۇ، ئېھتىمال قاتتىق قار ياغىدىغان ئوخشايدۇ، ئىت بىزگە بىر ئىشتىن ئالدىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ.

— نېمە بولدى؟ بىرەر ئىشنى سەزدىڭمۇ؟ — دادام زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سېرىق ئىتنىڭ يۈزلىرىنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن سىلاپ قويدى. ئىت دادامنىڭ پاچاقلىرىغا سۈركىشىپ ئەركىلەپ قويدى - دە، يەنە ئاسمانغا قاراپ بوشقىنا قاۋاپ قويۇپ كالا هارۋىسى تەرەپكە قاراپ ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئاسمان بارا - بارا قاراڭغۇلىشىپ قار كۆچىيىشكە باشلىدى. ئېشەك هارۋىسى بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئاستا ئىلگىرىلەيتتى. دادام بىلەن ئىككىمىزنىڭ پۇتۇن بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىپىلداپ ئاقاتتى. بىز ئالاھەزەل ئىككى - ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن كالا هارۋىسىنى ئەكېلىپ قويغان يەرگە كەلدۇق - دە، بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ئىزىمىزدا چىپپىدا تۇرۇپ قالدۇق، ئەتراپىمىزدا نە كالا هارۋىسى، نە سېرىق ئىت كۆرۈنمەيتتى. ۋاشىلداپ يېغىۋاتقان قار هارۋا ئىزىنى ئاللىقاچان كۆمۈپ تاشلىغانىدى.

— بويناق، سېرىق بويناق قېنى سەن؟ تېز كەل، بۇياققا كەل!

دادامنىڭ ئاۋازى كېچە قوينىدا ئەكس سادا ياڭرىتىپ ئاستا - ئاستا يوقاپ كەتتى. لېكىن سېرىق بويناقتىن ھېچقانداق سادا يوق ئىدى.

— خەتەرلىك بالام، كالا هارۋىسىنى بىرى ئېلىپ كەتكەن گەپ ياكى بولمىسا كالا كالىلىقىنى قىلىپ مېڭىپ كەتكەن گەپ، سېرىق بويناق كالىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ...

— كالا هارۋىمىزنى باشقىلار ئەكەتكەن بولسا ياكى بىرەر يەردە ئۆڭتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسا... سېرىق بويناق ئۇ...

شۇ دەقىقىلەردە نېمە ئويلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. دادامنىڭ شۇنچە كۆچەپ توۋلىغىنىغا قۇلاق سالماي قارا سىياھدەك قاراڭغۇ -

لۇق ئىچىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم... مەن يۈگۈرەيتتىم، قاراڭغۇلۇق ئىد-
چىدە تىزىمغىچە قار، كېچىپ، يىلتىز، كۆتەكلەرگە، شور -
داشقاللارغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ - قوپۇپ يۈگۈرەيتتىم. ئۆزۈمنىڭ
قاياققا كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيتتىم. مۇدھىش قاراڭغۇلۇقتا
ھېچ يەرنى كۆرمەيتتىم... ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى
بىلمەيمەن. بىر چاغدا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ كىمدۇر بىرى كولاپ
قويغان بىر چوڭقۇر ئازگالغا گۈپپىدە چۈشتۈم - دە، ئوڭ پۇتۇم
زىڭىلدە قىلىپ كەتتى. بىر ئەشەددىي ئاغرىق، بىر تاتلىق ئۇيقۇ،
بىر شېرىن چۈش... چۈشۈمدە دادامنى، كالىمىزنى، سېرىق ئىتى-
مىزنى كۆرەتتىم، دادام ماڭا نېمىلەردۇر دەپ ئاچچىقلاپ كايىتتى.
سېرىق ئىت پاچاقلىرىمنى پۇراپ نېمىلەرنىدۇر دەپ غىڭشىيتتى.
قارا ئېشەك بىلەن قارا كالا كۆزلىرىدىن ياش تۆككىنىچە گۇناھ-
كارلاردەك يەرگە قاراپ تۇرۇشاتتى.

— بىر كالا ھارۋىسىنىڭ يوقاپ كېتىشى قانچىلىك ئىشتى؟
مۇشۇ كېچىدە، مۇشۇ جاڭگالدا ئېزىپ قالساڭ، قار، سوغۇقتا
توڭلاپ قالساڭ، مەن قانداق قىلاتتىم؟ ھېلىمۇ سېرىق ئىت بولۇپ
قاپتىكەن، بولمىسا مەن سېنى نەدىن تاپاتتىم؟ ئادەم دېگەن بۇنداق
قاراملىق قىلمايدىغان!

سېرىق ئىت دادامنىڭ مېنى تىللاشلىرىغا چىدىيالمىدى بول-
غاي، دادامنىڭ ئالدىغا كېلىپ نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك
قاۋاپ كەتتى.

— ھاۋ... ھاۋ... ھاۋ...

نەدىندۇر بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلدى، كۆزۈمنى ئاچالمايت-
تىم، پۇت - قوللىرىم سوغۇقتا قولىشىپ مىدىر - سىدىر قىلغى-
لى قويمايتتى.

ئىت يەنە قاۋىدى.

بۇ قېتىم مەن ئىتنىڭ قاۋىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلى-
دىم، ئاندىن كىملەرنىڭدۇر بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدراشقانلىرى

ئاڭلاندى.

— ئېھتىمال بالا مۇشۇ ئورەكتە بولۇشى مۇمكىن، ئىت بالىنىڭ ھىدىنى سەزدى.

كىمدۇر بىرى ئورەككە ئاستا چۇشۇپ ئۇستۇمدىكى قارلارنى قولى بىلەن سۇپۇرۇۋەتتى ـ دە، ۋارقىراپ كەتتى.

— باركەن، بالا مۇشۇ يەردە باركەن، تېخى ھايات ئوخشايدۇ!

مەن بۇ ئاۋازلارنى بىردە چۇشۇمدە، بىردە خىيالىمدا ئاڭلىغاندەك بولاتتىم. كېيىنكى ئىشلارنى بىلمەيتتىم، بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، ئۆزۈمنى دوختۇرخانا ياتىقىدا كۆردۇم...

ھەمىراخۇن تاماكىسىنى چېكىپ شۇكلەپ قالدى. ئۇنىڭ يوغان كۆل رەڭ ئىتى كۆزلىرىنى يۇمۇپ خىرىلداپ ياتاتتى.

— گېپىڭلارچە سىلىنى ئاشۇ سېرىق ئىت قۇتقۇلدۇرۇۋاپتۇ ـ دە!

— شۇنداق بولماي ئەمىسە، مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، دادام مېنى توۋلاپ ـ توۋلاپ ئاڭلىتالماپتۇ. قار تېخىمۇ كۆچىيىپ كېتىپتۇ. دادام ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن ھارۋىدىكى قورۇق يانتاقنى چۇشۇرۇپ ئوت يېقىپ گۇلخان ساپتۇ. چۇنكى دادام ماڭا دائىم: «كېچىدە ئېزىپ قالغانلار ئوت يېقىپ بەلگە بېرىشىدۇ، ئوت يالقۇنى كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ كەلسەڭ ئېزىپ قالمايسەن» دەپ نەسىھەت قىلاتتى... لېكىن بىر ھارۋا يانتاق كۆيۈپ بولغۇچە مەندىن ھېچقانداق سادا بولمىغاندىن كېيىن، دادام ئېشەك ھارۋىسىغا چىقىپ يۇرت تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەرگە يېقىن تۇدىكا مەيدانىغا كېلىپ ئەھۋالنى شۇ يەردىكى ئادەملەرگە دەپتۇ. تۇدىكا مەيدانىدىكى دېھقانلار بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تۆت ـ بەشتىن بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئاياغ جاڭگالنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. چۇشكە يېقىن ئۇلار بىر زەيكەشلىكتە ئولتۇرۇلۇپ كەتكەن كالا ھارۋىسىنى تېپىپتۇ. كالا نىمجان بولۇپ قالغاچقا، پىچاق سۇرۇۋېتىپتۇ. كەچكە يېقىن يەنە

بىر گۇرۇپپا ئادەملەر سېرىق ئىتنى تېپىپتۇ. سېرىق ئىت كىمدۇر بىرى تۈلكە تۇتۇش ئۈچۈن قۇرۇپ قويغان تۇزاققا دەسسەپ بىر پۇتى سۇنۇپ يېتىپ قالغانىكەن. ئۇلار ئىتنى تۇزاقتىن چىقىرىپ پۇتىنى تېڭىپ قويۇپتۇ. ئىت بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئاقساپ مېڭىپ دادامنىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە، دادامنىڭ پۇتىغا يۈز ـ كۆزلىرىنى سۈركەپ بوش قاۋاپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئاندىن داداملارنى كەينىگە سېلىپ مېڭىپ مەن چۈشۈپ كەتكەن ئازگالنى تېپىپتۇ...

— راست، راستىنلا ۋاپادار ئىتكەن. شۇ ئىت بولمىغان بولسا، شۇ ئورەكتە توڭلاپ قالىدىكەنسىلەر ـ دە!

— شۇنداق بولماي، پۇتۇم سۇنۇپ كەتكەن، ئۈستۈمنى قار پۈتۈنلەي كۆمۈۋەتكەن تۇرسا، توڭلاپ قالماي ئەمسە...

— شۇڭا ـ زە، ئىتنى بەكلا چوڭ بىلىدىكەنسىلەر ـ دە!

— ئىش قىلىپ ئىت ئىگىسىگە بەك سادىق بىر جانىۋار. شۇڭا مەن ئۆمۈربويى ئىت بېقىپ كەلدىم.

— مۇشۇ ئىتمۇ ھېلىقى سېرىق ئىتنىڭلارنىڭ نەسلىدىنمۇ؟

— ياق، ئۇ ئىت دادام ئۆلۈپ كەتكەندە نەچچە كۈنلەرگىچە بىر نەرسە يېگىلى ئۇنىماي دادامنىڭ تۇپراق بېشىدا يېتىۋالدى. كېيىن... كېيىن كىمدۇر بىرى يىڭنە بېرىۋېتىپ نەچچە كۈن قىينىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدىكى قىينىلىپ كەتكەن ئاشۇ ھالىتىنى، پۇتۇمغا بېشىنى قويۇپ يىغلاپ كەتكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن!...»

بوۋاي شۇ ئىشلارنى ئويلاپ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولۇپ كەتتى. ئۇ مەھەللىسىدىكى ئاشۇ قولۇم ـ قوشنىلىرىنى، تەڭتۇش، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى بەكلا سېغىنىپ كەتكەنىدى. يەنە تېخى مەھەللىسىدىكى ھېلىقى... ھېلىقى ئايىم قوشنانچىم...

بوۋاي ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. راست، ئايىمخان قانداقراق تۇرغاندۇ؟ ئۇ ھازىرمۇ ئۇنى كۈتۈۋاتامدىغاندۇ؟

— شەھەرگە، بىنا ئۆيگە بەك كۆنەلمىگەن بولسىلا يېنىپ كەل-

سىلە. بۇ يەردە بەك يالغۇزلۇق تارتىپ قالغۇدەك بولسىلا باللارغا دەپ باقسىلا، مەن تەرەتلىرىگە سۇ ئىسسىتىپ بېرەرمەن، — دېگەندى ئۇ بوۋاينىڭ مومىيى تۇگەپ كېتىپ ئىككىنچى يىلى ئوغلى ئۇنى يۇرتىغا ئاپارغاندا.

— ئۇنداق قىلىسىلىغۇ تازا ئوبدان بولاتتى، لېكىن شۇ باللار...

— ئادەم قېرىغاندا سېسىق پۇرايدىغان بولۇپ قالىدىغان گەپ. كەن. باللارنىڭ يېنىدا تۇرماق تەسكەن، شۇڭا...

«بۇ ئۆيدىن كېتەي، بۇ يەردە بۇنداق غېرىبچىلىق تارتىپ، سىدىقىلىپ ياشىغاندىن... لېكىن، ئوغلۇم نېمە دەر؟ ئۇنىڭغا دېسەم كەتكىلى قويمايدىغىنى ئېنىق، دېمەيلا كەتسەمچۇ؟ راست، ھېچكىمگە دېمەي بۇ ئۆيدىن غىپپىدىلا چىقىپ كېتەي. بىراق ئېزىپ قالسام... ياق، مەن يا قارىغۇ، يا گاس ـ گاچا بولمىسام... سورىسام يول كۆرسىتىپ قويغىلى بىرى چىقىپ قالار ھەرقانچە بولسىمۇ...»

بوۋاي شۇنداق ئويلاپ كارىۋاتتىن چۈشتى. بۈگۈن ئۇنىڭ پۇتلىرىمۇ خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ئىدى. «خۇدا ئاسانلىقنى بېرەر»... بوۋاي ئاستا مېڭىپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ بىر ھازا تۇردى ـ دە، ئاستىلا كەينىگە ياندى.

— ۋۇي نېمىنداق ئورنۇڭدىن تۇرۇۋالدىڭ دادا؟ سەن...

— ئەمىسە كەچكىچە ياتسام بولامتى؟ مەن تېخى ئۆلەر ھالەتتە بولمىغاندىكىن قوپۇپ مېڭىپ باقتىم، ئادەم دېگەن ياتقانچە يېنى يەر تارتىدىغان گەپكەن.

— لېكىن سىنىڭ پۇتۇڭ...

— مېنىڭ پۇتۇمغا نېمە بوپتىكەن؟ ئەگەر مەن يېزىدا بولغان بولسام تېخى ئون مو يەر تېرىيالىغۇدەك مادارىم بار مېنىڭ.

— سەن...!

بوۋاي بىر نىمە دىمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئىشىك تاراققىدە ئىچىلىپ كىلىن بىلەن نەۋرىلەر تاراقشىپ كىرىشتى.

— ھە، نىمانداق تەييارلىق قىلماي تىخىچە بۇتتەك تۇردىڭىز؟ بولۇڭ، غاچچىدا ماڭايلى، بولمىسا كىچىكىپ قالىمىز؟ سىلەرمۇ غاچچىدا كىيىمىڭلارنى يەڭگۈشلەڭلار، تىز بولۇڭلار! — كىلىن شۇنداق دەپ بوۋايغا قاراپمۇ قويماي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— بىز بۇ بايرامدا ئاقسۇ تەرەپلەرگە بىرىپ ساياھەت قىلىپ كىلەيلىمىكىن دىگەن، دادا. سىنىمۇ بىللە ئىلىۋالايلى دىسەك ھەم ماشىنىغا پاتمايدىكەنسەن، ھەم پۇتۇڭ بۇنداق تۇرسا، شۇڭا...

— بەك ياخشى بوپتۇ، بالىلىرىم، ئوبدان ئويناپ كىلىڭلار، سىلەرگە ئوبدان دۇئا قىلىپ قويىمەن، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ئۆيدىن ھىچ يەرگە چىقماي ئولتۇرۇپ تۇرىمەن!

— ماقۇل ئەمىسە، دادا، توڭلاتقۇدا مىۋە - چىۋە، گۆش - تۇ-خۇم، نان بار، قورسىقىڭ ئاچسا ئۆزۈڭ خالىغانچە ئىلىپ، ئىتىپ يە، لىكىن دادا، سىرتقا ھەرگىز چىقما، ئىزىپ قالىسەن، ما-قۇلمۇ؟

ئۇلار چىقىپ كەتتى. بوۋاي چوڭ بىرنى تىنىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. «ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق پۇرسەت بارمۇ؟ مەنمۇ بۈگۈنلا ما-ڭاي، بىرىپ ئۆز ئۆيۈمدە ئۆزۈم خالىغانچە خان - پادشاھلاردەك ياشاي، خوش بالىلىرىم، خوش، ئوغلۇم...»

بوۋاي ئۆزىگە لازىملىق ئۇششاق - چۇششەك نەرسە - كىرەك-لەردىن ئازراق، ئۆزىنىڭ كونا كىيىم - كىچەكلىرىنى ۋە مۇشۇ ئۆيگە كىلىشتىن بۇرۇنلا يىنىدا ساقلاپ كىلىۋاتقان ئازغىنا پۇلنى كونا كىيىم - كىچىكىنىڭ يانچۇقىدىن ئىلىپ يىنىغا سالدى - دە، بىسمىللا دەپ ئۆيدىن چىقتى. ئۆينىڭ ئىشىكى گۈپپىدە يې-پىلدى. بوۋاي ئىتتىرىپ بىقىۋىدى، ئىشىك ئىچىلمىدى. بوۋاي:

— خوش، خۇداغا ئامانەت، — دەپ پىچىرلاپ ئاستا - ئاستا پەشتاقتىن چۈشتى. ھەيران قالارلىقى ئۇنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئاغرىپ ئارام بەرمەيۋاتقان پۇتلىرى ئۇچتەك يەڭگىل بولۇپ كەتكەن، ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئوتتەك نۇرلىنىپ كەت- كەندى. بوۋاينىڭ يۈرىكى سىرلىق ھېس، ئارمانلار بىلەن خۇددى ياش يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىدەك گۈپۈلدەپ سېلىپ كېتىۋاتاتتى.

2008 - يىلى، قەشقەر - يوپۇرغا

# پىۋاخۇمار

— ئەينى دەۋردە ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ناھايىتى كۆچتۆڭگۈر ئىدى. شۇنىڭغا يارىشا ئەر - ئاياللارنىڭ جىسمانىي كۈچى ۋە جىنسىي قۇۋۋىتى ئاجايىپ يۇقىرى ئىدى. ئەمما ئۇلار ياۋروپا ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ قولىدىكى ھاراققا ئۆگىنىپ قېلىپ، بالا تاپالماس ھالغا چۈشۈپ قالغان.

— ماتېرىياللاردىن

ئۇ ئۆزىنىڭ قاچانلاردىن تارتىپ پىۋىغا بۇنچە خۇمارى - خۇشتار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئېشقىلىپ، ئۇ پىۋا ئىچىشنى باشلىغىلى نەچچە يىللار، نەچچە ئون يىللار بولغاندۇ. مەيلى يازنىڭ تونۇردەك ئىسسىق، تىنجىق كۈنلىرىدە بولسۇن، مەيلى قىشنىڭ زەھەردەك ئاچچىق سوغۇق كۈنلىرىدە بولسۇن، ھەر كۈنى دىگۇدەك ئاشۇ قىرتاق تەملىك، بۇژغۇلداپ ئېقىپ كۆپۈك چىقىپ تۇرىدىغان، ئىچىۋەرسە ئەركەكلەرنىڭ ئۇستىخان - ئۇستىخانلىرىنى بوشاشتۇرۇپ، يىلىكىنى سۈيۈلدۈرۈپ رېزىنكىدەك قىلىۋېتىدىغان سۇيۇقلۇقنى ئاشۇ بوش سىمىز، لەڭپۇڭدەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان يوغان قورسىقى تويغۇدەك بىر - ئىككى قېتىم ئىچمىسە كۈنى ئۆتمەيتتى.

— قېنى ئاغىنىلەر، يۇرمەمسىلەر، تازا سالقىن جايىنى تېپىپ ئىككى - ئۈچ بوتۇلكىدىن پىۋا ئىچەيلىمۇ؟ — دەيتتى ئۇ تونۇشلىرىدىن كىملا ئۇچراپ قالسا.

يازدىكى ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتكەن دىمىق كۈنلەردە بۇ گەپنى دېسىغۇ ئانچە كۆلكىلىك ئەمەس، قىزىق يېرى، ئۇ قىشنىڭ تازا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان جۇدۇنلۇق، سوغۇق كۈنلىرىدىمۇ بەزىدە لاغىلداپ تىترەپ، شىشىدەك كۆكىرىپ تۇرۇپمۇ ئاشۇ گېپىنى

تەكرارلايتتى.

— مۇشۇنداق سوغۇقتىمۇ پىۋا ئىچەمدۇق؟ — دەپ سوراپ قالسا بىرەرسى:

— سوغۇق سوغۇقنى ئالىدۇ، سوغۇقتا، قاردا پىۋا ئىچسە، تازا پەيزى بولىدۇ. ئىچمەيچۇ، يۈرىكىنىڭ ئوتى، ئۇچىيىنىڭ يېغى بار ئەركەك دېگەن ئىچىپ تۇرمىسا چاتاق چىقىدۇ، — دەپ يەنە قىلچە چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى ئۇ.

ئۇنىڭ خېلىلا كېلىشكەن، ياش، چىرايلىق ئايالى، بەش - ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر قىزى بار ئىدى. ئايالى ھەر كۈنى كې-چىسى ئۇنىڭغا يالۋۇراتتى. مۇشۇ پىۋىنى ئىچمەسلىك توغرىسىدا يېلىناتتى، چۇشەندۇرەتتى. بەزىدە ئاچچىقى كېلىپ كەتسە، تازا سەت گەپلەر بىلەن تىللايتتى. چۈنكى ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق. ئەتكەن تاماقنى خالاپ - خۇلۇپ يەپ بولۇپلا ئۆ-زىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلاپ لايدەك بوشىشىپ، ئارغامچىدەك سوزۇلۇپ يېتىپ خورەكنى باشلىۋېتەتتى. ياش، ھېسسىياتچان ئا-يال ئۇنى مىڭ ئەركىلىتىپ پەپىلىسىمۇ، ئۇنىڭدىن قىلچە سادا چىقمايتتى. ئايال جىله بولۇپ ئۇنى ئورۇپ تىللاپ يىغلاپ كې-تەتتى.

— مۇشۇ سېسىق بىر نېمىنى ئىچكىچە ئېشەكنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچسەڭچۇ، ئىسىت سەندەك ئەر بولۇپ قالغۇچە!

ئەتىسى ئەتىگەندە ئايالى ئۇنىڭغا ناشتىلىق بېرىۋېتىپ يەنە يال-ۋۇراتتى.

— ئىچمەڭ، مۇشۇ بىر نېمىنى ئىچمەڭ. مەيلى نېمە ئىچسە-ڭىزمۇ، زەھەر ئىچسىڭىزمۇ ئىچىپ، مۇشۇ بىر نېمىنى ئىچمەڭ!

— نېمىشقا، نېمىشقا ئىچمەيمەن بۇنى؟

— بۇ دېگەن ئەر كىشىنى كاردىن چىقىرىدىغان نەرسىكەن، ئىچمەڭ. قېنى سىزدىكى بۇرۇنقى ئەرلىك قىياپەت، ياۋايى تۇرۇق؟! قېنى سىزدىكى قارام، تەلۋىلىك، كۈچتۇڭگۈرلۈك؟! قاچان مۇشۇ

بىر نېمىنى ئىچىشنى ئۆگەندىڭىز، شۇنىڭدىن باشلاپ مىجەزىڭىز ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاۋازىڭىز سىلىق، گەپلىرىڭىز سىپايە، مېڭىشىڭىز پۈتىڭىزنىڭ ئۇچىدا، خۇددى يەرنىڭ بېلى ئىگىلىپ كېتىدىغاندەك بوش، سىلىق، كۆزلىرىڭىز خۇددى...

— نېمە؟ سەن بەك ئېچىرقاپ كەتكەن ئوخشىمامسەن؟ ھۇ پاسكىنا، نومۇس قىلماي دەۋاتقان گېپىنى قارا. مەن ئەر بولماي ئەرلىكىم يوقاپ ئايال كىشىگە ئۆزگىرىپ كېتىپتىمەنمۇ؟ ئەرلىكىمنى، تەلۋە، قارامىلىقىمنى ساڭا بىر كۆرسەتمىسەم!

ئۇ ئايالىنىڭ كەلسە ـ كەلمەس يېرىگە مۇشتلاپ كېتەتتى. لېكىن ئۇنىڭ شۇنچە ئۇرغان مۇشتلىرىمۇ ئايالغا ھېچقانچە تەسىر قىلمايتتى. بۇ مۇشتلار شۇنچىلىك بوش، شۇنچىلىك كۈچسىز، شۇنچىلىك زەئىپ ئىدى.

— سەن مېنى زەھەر ئىچسەڭمۇ ئىچ دەيسەن، زەھەر ئىچكۈزۈپ مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ سەن؟ ھۇ نىيىتى يامان، زىدى پەس!

— ئەر كىشىنىڭ بۇنداق تىرىكلىكىدىن ئۆلگىنىمۇ ياخشى!

ئايالى ئاچچىقىغا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ ئاشۇ گەپنىڭ ئېغىزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇنىڭ ئايالىنى ئۇرۇشقا كۆتۈرگەن مۇشتى ھاۋادا لەيلەپ قالدى. ئۇ ئايالىنىڭ ئاچچىق، غەزەپ ـ نەپرەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى. تىكىلدىيۇ كۆزلىرى غۇۋالىشىپ ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدى.

راست، ئۇ ئاشۇ بىر چاغلاردا شۇنداق قارام، كۈچتۈڭگۈر، قاۋۇل ئادەم ئىدى. ماڭسىمۇ گۈس ـ گۈس دەسسەپ، يەرنى تېشىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ماڭاتتى. گەپلىرى قوپال، ئاۋازى غاراڭ ـ غورۇك ئىدى. ئايالىنى مۇشتى بىلەن ئۇرۇش ئەمەس، قوللىرى بىلەن شۇنداقلا تۇتۇپ قويسىمۇ تۇتقان يېرى ئۇزۇمدەك قاپىرىپ كۆكىرىپ چىقاتتى. ئايالى ئۇنىڭغا ئامراق، ھېرىسمەنىدى. ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. چۈنكى ئۇ شۇنچىلىك قوپال،

تەلۋە، قارامىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلاتتىكى، ئايالى تىنىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالاتتى. «بۇقا، تەلۋە، ياۋايى بۆرە» دەپ ئەركىلىتىپ كېتەتتى ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى قاپقارا، قويۇق، خۇددى پولات سىختەك كۆچلۈك ئىدى. ھەر ئىككى كۆندە قىرىپ تۇرمىسا، كىرپە تىكىنىدەك دىڭگىيىپ ئۆسۈپ كېتەتتى. ئايالىنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۈركەپ قىزارتىۋېتەتتى. مۇسكۇللىرى چىڭ، كۆزلىرى بۇركۇتنىڭ كۆزىدەك ئويناپ، ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى. ئايالى ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن كۆيۈپ ھە دېگەندە قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ بېرەتتى.

— يەڭ، كۆپرەك يەڭ. قاسقاندا پىشۇرۇلغان ئەركەك پاقلاننىڭ گۆشى، ئەر كىشى دېگەن پاقلان گۆشى يەپ تۇرسا، كۈچىگە كۈچ قوشۇلىدۇ. سۈت، قىمىز ئىچىڭ، قېنىڭىزغا قان، جېنىڭىزغا جان قوشۇلىدۇ!

ئۇ قاچانلاردىن باشلاپ پىۋىغا بۇنچە خۇمارى - خۇشتار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئۆزىمۇ ئەسلىيەلمەيتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ شۇنى غۇۋا ھېس قىلاتتىكى، قاچاندىن باشلاپ پىۋا ئىچىشنى ئۆگىنىپ، پىۋىغا خۇمار بولدى، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆزىدە نېمىلەرنىڭدۇر ئاستا - ئاستا يوقىلىۋاتقانلىقىنى، مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىپ، مۇسكۇللىرىنىڭ بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. كۆپ ئۇخلايدىغان، يول ماڭسا ئاۋايلاپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا يەڭگىل دەسسەپ ماڭىدىغان، ھەتتاكى ئاياغ تىۋىشىنى ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. ساقال - بۇرۇتلىرى سارغىيىپ پۇرلىشىپ قالدى. خۇددى ئاجىز، كۈچسىز يەردىكى قوناقتا مۇزلۇق سۇنى قويۇۋەرسە سارغىيىپ يېتىپ قالغاندەك. ئۇ پىۋا ئىچىپ ئېرىشكىنى بىر قورساق بولدى. قورسقى خېلىلا يوغىناپ قالدى. قورسىقىنى پومپايتىپ ماڭسا خېلىلا ئىسكەتلىك، يارىشىملىق بولۇپ قالاتتى. ئۇ ئاشۇ چاغلاردا، پىۋا ئىچىشنى ئۆگەنمىگەن چاغلاردا، سىرتلارغا چىققاندا قونچاقتەك ياسانغان، چىرايلىق، كېلىشكەن قىز - ئا-

يالالارنى كۆرگەندە پۈتۈن بەدىنى قىزىپ تىپىرلاپ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ ئىزىدا تۇرالماي، ئولتۇرالماي قالاتتى. ئايال زاتىنىڭ بەدەنلىرىگە بەدىنى تېگە - تەگمەي، ھىد - تېنى بۇرنىغا پۇرا - پۇرۇمايلا نەپسى تاقىلداپ ئارانلا تۇراتتى. مانا ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن قاچانلاردا بىرگە بولغانلىقىنىمۇ ئەسلىيەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن خېلى - خېلى كۈنلەر ئىلگىرى ئايالىنىڭ زورلاپ پەپىلەشلىرى بىلەن ئاران دېگەندە بىرگە بولۇۋىدى، ئىش يېرىملاشماي تۇرۇپلا ھاسىراپ ھۆمىدەپ، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. كۈچسىز، ئاجىز، زەئىپ ھەرىكەتلەردىن كېيىن لاسسىدە بوشىشىپ، ئايالىنىڭ ئۈستىدىلا لايدەك يېتىپ قالدى. ئايالى خېلى تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قىلچە سادا چىقمىدى. ھېچقانداق سېزىم پەيدا بولمىدى، ئايالى ئاچچىق بىلەن ئۇنى ئۈستىدىن ئىرغىتىپ چۈشۈرۈۋەتتى. لەۋلىرىنى ئەلەم بىلەن مەھكەم چىشلىدى.

— سەن ئاشۇ ئېشەكنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچىۋەر، تېخىمۇ ئوبدان بولۇپ قالىسەن!

لېكىن ئۇنىڭغا بۇ گەپلەر قىلچىمۇ تەسىر قىلمىدى. چۈنكى ئۇ بولۇشىغا خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

بىر قېتىم ئۇ پىۋا ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى. قىز شۇنچىلىك بېرىلىپ ياسانغان ئىدىكى، ئۇنىڭغا قارىغان ھەر قانداق بىر ئەركەكنىڭ يۈرىكى ئويناپ، كۆزلىرى چاقناپ، ئېغىزىدىن شۆلگىيى ئاقماي قالمايتتى. قىزمۇ پىۋا ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز قىسىپ شوخلۇق قىلىپ قاراشلىرى، جىلمىيىپ نازلىق كۈلۈشلىرى شۇنچىلىك يېقىملىق، شۇنچىلىك جەلپكار ئىدى. ئۇ قىزغا قارىغانچە ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. قىزنىڭ زىلۋا بەدىنىگە چىپپىدە كەلگۈدەك كىيىۋالغان ئاق رەڭلىك كالتە يەڭ مايكىسى تىك، ئۇچلۇق ئىككى كۆكسىنى بۇغا مۈڭگۈزىدەك كۆتۈرۈپ تۇرۇۋالغانىدى. قىزىل رەڭلىك باغىردىقى كۆرۈنۈپ

تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەرلىك ھېسسىياتى بىردىنلا ئويغىنىپ، قىزغا شۇنداق بىر ھەۋەس، ئىشتىياق قوزغالدىكى، ئۆزىنى زادىلا تۇ-تۇۋالالمىدى. ئۇنىڭ قىزنى مەھكەم قۇچاقلىغۇسى، ئاشۇ ئالمىدەك چىڭ، ئۇچلۇق كۆكسىنى سىلىغۇسى، مەھكەم مىجىغۇسى، با-غىرداقلىرىنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ تاشلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىدىن رازى بولدى، خۇش بولدى. چۈنكى، ئۇ يات جىنسلىقلارغا نىسبەتەن خېلى ئۇزۇندىن بېرى ئۆزىدە بۇنچىلىك بىر ئىنتىلىش، ھەۋەسنىڭ پەيدا بولمىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىدىنمۇ سەل - پەل ئەنسىرەپ يۈرەتتى. لېكىن بۈگۈن... ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئەنسىرىشىنىڭ قىلچىلىك ھاجىتى يوقكەن! گەپ يەنىلا ئايالدا، يات جىنسلاردا ئىكەن! ئۇلارنىڭ ناز - كەرەشمىسىدە، خۇلقىدا ئى-كەن!... قىز ئۇنىڭغا تېخىچە ئۇتلۇق بېقىشىدا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاستا - ئاستا قىزغا يېقىنلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ قا-قاقلىشىپ كۈلۈشتى. رومكىلارنى بىر - بىرىگە تەگكۈزۈپ ئىۋا ئىچىشتى. ئاندىن بىر - بىرىنى قولتۇقلىشىپ دېگۈدەك مېڭىپ كەتتى. ئۇ قىز بىلەن دېيىشكەندى. ئۇ تاقىلداپ كېتىۋاتقان نەپ-سىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قىزنى تاكسى بىلەن چەتكىرەك سېلىنغان بىر مېھمانخانىغا ئېلىپ باردى. ياتاققا كىرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالال-ماي، قىزنىڭ باغىردىقىنى يىرتىپ سالدۇرۇپ دېگۈدەك قىزغا ئۇ-زىنى ئاتتى، ئاتتىيۇ بىر نېمىسى كەمدەك كۆڭلى غەش بولۇپ قال-دى. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئىدى. قىزنىڭ ئۇستىدە خېلى ۋاقىت ياتقان، قىزنى ئاچ كۆزلەرچە سۆيۈپ، بەدەن - بەدەنلىرىنى سىلاپ، مىجىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۈمىد قىلغان نەرسىسى — ئەركەكلىك بەلگىسى زادىلا مىدىرلىمىدى! ئۇ ھودۇق-تى، تەمتىرىدى، تەرلەپ چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتتى. قىز ئەم-دى ئۇنىڭ ئېغىر بەدىنىنى كۆتۈرۈپ بولالمىدى.

— قېنى بولمامدۇ، ئادەمنى تەرلىتىپ...

— شۇ... ھېچ...!

— نېمىلەرگە شۇنچىلىك يوغانلىق قىلغان؟ بولسىلا، بولمىسىلا چۇشسىلە!

قىز غەزەپ بىلەن ئۇنى ئۇستىدىن ئىرغىتىپ چۇشۇرۇۋەتتى. كېيىملىرىنى كىيىپ، ئالدىغاننى ئېلىپ يەنىلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ، لەۋ سۇرۇخىنى يېڭىلاپ، سومكىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ئىشىك تۈۋىگە باردى:

— سىلىنى قىشتا — سوغۇقتا قالغان ئادەم يوتقان قىلىپ يېپىنىپ ياتسا بولغۇدەك، خوش!

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھېچبىر ئايال زاتىغا تىكىلىپ قارىمايدىغان — قارىيالمايدىغان، كۆڭلىگە باشقا ئىشلارنى ئەكەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىدىن تېخىمۇ بەكرەك ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى، «جىنسىي ئاجىزلىق دېگەن شۇمىدۇ...؟»

ئۇ بۇرۇنقى چاغلاردا مۇشۇنداق ئاتالغۇلارنى زادىلا بىلمەيتتى. نېمىشقىكىن يېقىندىن بۇيان رادىيو - تېلېۋىزورلاردا، گېزىت - ژۇرناللاردا بۇ ھەقتىكى ئېلانلار ھەددىدىن تاشقىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، ئاڭلىماي دېسىمۇ قۇلىقىغا كىرىپ قالغان، كۆرمەي دېسىمۇ كۆزىگە چۈشۈپ قالغانىدى، «مەنمۇ شۇنداق بولۇپ قالغاندىمەنمۇ...؟»

ئۇنىڭ پۈتۈن ھەس - يادى، ئوي - خىيالى شۇ ئىشتا قالدى. ئۇ كۈندىن - كۈنگە چۈشكۈنلىشىپ، روھسىزلىنىپ كەتتى. ئۇ يوشۇرۇنچە «مەخپىيەتلىكىڭىزنى قەتئىي ساقلايمىز»، «ھەر قانداق كېسەللىكىڭىزنى قەتئىي داۋالايمىز»، «دۇنيانىڭ، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي لەززىتىنى سىزگە ئاتا قىلىمىز»، «سىزنى ۋە باشقىلارنى رازى قىلغۇدەك ئاجايىپ كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىمىز»... ئاللا - كاللا دېگەن دوختۇرخانىلارغا بېرىپ مەخسۇس شۇ ساھەدىكى «داڭلىق، كامالەتكە يەتكەن» مۇتەخەسسىس، پىروفېسسورلارغا كۆرۈنۈپ باقتى. كوچا - كويلاردا ھاياسىز ئېلانلارنى «بىمارلارغا» مەجبۇرىي تۇتقۇزۇپ ئۇچۇر بېرىۋاتقان، «بىمارلارغا» بارلىقىنى ئاتىغان دورد-

خانا، دوختۇرخانىلارغا بېرىپ خېلى قىممەت باھالىق ئاجايىپ - غارايىپ سېھرىي كارامەتكە ئىگە دورىلاردىنمۇ يەپ باقتى. لېكىن ئەھۋال ئۆزگەرمىدى. تامىنىڭ ئۇلى زەيلەپ بوشاپ كەتسە، ئۇستىگە مىڭ ئىشلىگەنمۇ بىكار - دە! ئۇ ئۆزىدىن ئەنسىرەپ، خۇدۇكسىرەپ، قورقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يېقىندىن بۇيان ئايالى ئاق هاراق ئىچىدىغان بولۇۋالدى. ئايالى مەست كېلىپ ئۇنىڭغا ۋارقىرايتتى.

— قېنى، تاماق ئەتتىڭمۇ؟ تېز بول!
— ئۆينى سۈپۈرۈپ - سۈرتۈۋەت!
— تېز ئاچىق!
— ماۋۇ كىر - قاتلارنى يۇيۇۋەت!
— بالىغا ئوبدان قارا!
— ...

ئايالى ئەمدى ئۇنىڭغا بىمالال، ھېچقانداق قورۇنۇش - ھېيىقىش يوقلا بۇيرۇق قىلاتتى. ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ، مېڭىش - تۇرۇشمۇ شۇنچىلىك قوپال ئىدى. چاچلىرىنى كەستۈرۈپ غەيرىي بىر خىل رەڭ بىلەن بويىۋالغانىدى.

«توۋا، بۇ ئىشنى، بىز ئالمىشىپ قالغان ئوخشىمايمىزمۇ...»

ئۇ تىترەپ كەتتى. پۈتۈن بەدىنى سوغۇق تەرگە چۆمۈپ، كۆزلىرىدىن قان - ياش تۆكۈپ مۈنچىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ ھەممە كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى. ئۇ تولىمۇ قورقۇش، ھېيىقىش ئىچىدە ئاستا چاتىرىقىنى سىلاپ باقتى، ئېڭىشىپ قاراپ باقتى. لېكىن كاۋىدەك سېمىز قورسىقى توسۇۋېلىپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدى. ئۇ تېخىمۇ بەكرەك ئېڭىشىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قوللىرى بىلەن... لېكىن ھېچقانداق سېزىم يوق. «ياق، ياق، ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك...!»

ئۇ كوچىغا چىقتى، توۋا دېگۈلۈك. كوچىدا ئۇچرىغان ئاياللار مەست بولۇشۇپ ئەرلەرنى قوغلاپ يۈرۈشەتتى. ئەرلەر بىردىن پىۋا

بوتۇلكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، قورساقلىرىنى ساڭگىلىتىپ، ھا-سىراپ قېچىشاتتى.

— سەنلەر مۇشۇنداق قېچىشىپ نەگە بېرىشىسەنكىن قېنى؟ ھۇ لايپاسلار، يارىماسلار، كېلىشە، پىۋاڭ بىلەن ھاراقنى سوقۇش-تۇرۇپ ئىچىمىز! — بىر ئايال يۇگۈرۈپ كەلگىنىچە دەرەخ سايە-سىدا پىۋا ئىچىپ ئولتۇرغان يوغان قورساق بىر ئەرنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى.

— خوش، مۇنداق ئىچەيلى! — ئايال بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنى بىر بوتۇلكا پىۋىغا جاڭگىدە ئۇرۇپ، گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئۇ-نىڭ يۈز - كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئايال ھېلىقى يوغان قورساق ئەرنى ھەدەپ ئورمانلىققا سۆرەيتتى. ئەر ئۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى، ۋارقىرايتتى.

— مېنى قۇتقۇزۇڭلار، ئادەم بارمۇ؟!

«ياپىرىم، توۋا بۇ نېمە ئىش...؟»

ئۇ ياقىلىرىنى چىشلەپ ئۆزىنى چەتكىرەك، دالدىغىراق ئالدى.

«بۇ ئاياللارغا نېمە بولغاندۇ؟ ئاشۇ ئەرلەرمۇ مەندەك پىۋا - ھاراق ئىچىۋېرىپ... ئۇلارنىمۇ خوتۇنلىرى ئىشقا بۇيرۇپ تىللاپ، دۆشكەلەمدىغاندۇ... توۋا»

— سەن پىۋاڭنى ئىچىپ يۈرۈۋەر، مەنمۇ ئۆزۈم خالىغان ئىشنى قىلىپ يۈرۈۋېرەي، بالىغا ئوبدان قاراپ، ئۆينى پاكىز تۇت. مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشقۇچى بولما، — دېدى بىر كۇنى ئايالى مەست ھالەتتە ئۆيگە كىرىپ دەلدەڭشىپ تۇرۇپ.

ئۇ بىر نەرسە دەي دەپ ئېغىزىنى ئۆمەللىدىيۇ، ئايالىنىڭ قە-ھىرلىك چىرايىنى، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ، پۈتۈن بەدىنى دىرىلداپ تىترەپ كەتتى.

— ماقۇل، ماقۇل خوتۇن، پەقەت مېنى تىللاپ، دۆشكەلىمە-سەڭلا ھەممە ئىشنى ئۆزۈم قىلاي، سېنىڭ ھېچقانداق ئىشىڭغا ئا-رىلاشماي، بولامدۇ؟

— نېمە دېدىڭ؟ سەن تېخى مېنى خوتۇن دېدىڭمۇ؟ ھا... ھا... ھا... شۇنى بىلىپ قوي، ئۆز ۋاقتىدا سەن مېنى ئالغان، مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئىدىم. سەن نېمە دېسەڭ، مەن شۇنى قىلاتتىم. ئەمدى بۇنداق ئەمەس، ئەمدى مەن نېمە دېسەم، سەن شۇنى قىلىسەن، مېنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىمنى شەرتسىز ئاڭلايسەن. نەدە تۇر دېسەم، شۇ يەردە تۇرىسەن، نەدە يات دېسەم، شۇ يەردە ياتىسەن. مېنىڭ تىننىقىم بويىچە ئىش قىلىسەن. دېمەك، ھازىر كىم ـ كىمگە خوتۇن، شۇنى بىلەمسەن؟

— بۇ... بۇ ...

— نېمە تىلىڭنى چىشلەپ كېكەچلەيسەن؟ ھازىر كىم ـ كىمگە خوتۇن؟ — ئايالى قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كىيىملىرى، ئاياغلىرى بىلەنلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

— بولە، ئاياغ ـ پايپاقلىرىمنى، كىيىملىرىمنى سالدۇرۇۋەت!

— ئاۋۇ كىر ـ قاتلارنى نېمىشقا يىغىپ قويدۇڭ؟ تېز يۇيۇۋەت!

— بولە، ئۇسساپ كەتتىم، چاي ئەكىرىۋەت!

— بالىغا ئوبدان قارا، قورسىقى ئېچىپ قالمىسۇن!

— ئەتە سەھەردە ئويغىتىۋەت، خەتنە تويغا، قاتار چايغا بارىمەن. ئېھتىمال ئەتە كەچ كېلەلمەسلىكىم مۇمكىن، ئۆيگە، بالىغا ئوبدان قاراپ تۇر!

ئۇ قاچانلاردىن تارتىپ پېۋىغا شۇنچە ئامراق بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئەسلىيەلمەيتتى. ئىشقىلىپ ئۇ شۇنى غۇۋا ھېس قىلاتتىكى، قاچاندىن باشلاپ پېۋا ئىچىشنى ئۆگەندى، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆزىدە نېمىلەرنىڭدۇر ئاستا ـ ئاستا يوقىلىۋاتقانلىقىنى، مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىپ، مۇسكۇللىرىنىڭ بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

2003 ـ يىلى، سانجى

# سەمەندەرنىڭ ئوتى

كۆزلىرىڭدىن نۇر كۆرگۈم بار، ياش ئەمەس،
چىرايىڭدىن گۈل كۆرگۈم بار، غەم ئەمەس.
ئۆمۈربويى سەن ئۈچۈن سۆيگۈ، مېھرىم بار،
يۈرىكىڭدىن چوغ كۆرگۈم بار، كۈل ئەمەس.

— ئاپتور خاتىرىسىدىن

ئىككىمىزنىڭ قاچانلاردا تونۇشۇپ، قاچانلاردىن باشلاپ بىر - بىرىمىزگە مۇشۇنداق ئامراق بولۇپ قالغانلىقىمىزنى ئېنىق بىلمەيمەن. ئېھتىمال بۇنىڭغا بەش يىل بولغاندۇ ۋە ياكى ئون يىل، ۋەياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغاندۇ. لېكىن بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس. مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى بىزنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتلارنى پەقەت بىر كۈندەك، تېخى بۈگۈنلا بىر - بىرىگە ئوتلۇق ۋەدىلەرنى بېرىشكەن شاش قىز - يىگىتلەردەك ئوتتەك قىزغىنلىق، ئوتتەك سىرلىق ھېس - ھاياجان، ئوتتەك كۆيۈم، ۋاپا، ئوتتەك مېھىر - مۇھەببەت بىلەن دۇنيادىكى، ھاياتلىقتىكى ئەڭ شېرىن لەزىز - لەززەتلەرنى قانغۇچە سۈرۈپ، سېھرىي مەستخۇشلۇق بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىمىزدە ئىدى!... راست دەۋاتىمەن. مەن سەن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ بۇنىڭدىن نەچچە يىللار ئىلگىرىكى تومۇزنىڭ ئوتتەك لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ كۈنى سېنىڭ ئوتتەك تىكىلىشلىرىڭگە، ئىللىق شىۋىرلاشلىرىڭغا، پۈتۈن تۇرقىڭدىن چاراسلاپ يېنىپ تۇرۇۋاتقان مۇقەددەس سۆيگۈ گۈلخانلىرىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي، تىلىم تۇتۇلۇپ، كۆزۈم كور بولۇپ، پۇت - قوللىرىم دىرىلداپ تىترەپ، خۇددى قىزىق قازانغا سالغان

قوي مېيىدەك بۇژۇلداپ ئېرىپ، پۈتۈن بەدىنىم گويا جېنى، روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بوشىشىپ، ھالسىزلىنىپ، جانسىزلىنىپ ئۆزۈممۇ سەزمەيلا سېنىڭ ئۆتتەك ھارارەت يېنىپ تۇرغان باغرىڭغا شۇڭغۇغان. تېخى شۇ يېشىمغىچە ئانامنىڭ بۇدرۇق كۆكسىدىن، نان، سۇدىن باشقا ھېچ نەرسىگە تېگىپ باقمىغان نېپىز، نازۇك لەۋلىرىمگە چوغدەك قىزىق، پاختىدەك يۇمشاق، ھەسەلدەك شېرىن لەۋلىرىڭنى چىڭ - چىڭ مەھكەم باسقان ئاشۇ دەقىقىلەردىن باشلاپ مەن ئۇچۇن ۋاقىت ئۇقۇمى يوقالغانىدى. قۇمۇشتەك يىدىرىك، چىمدەك قويۇق بۇرۇتلىرىڭ يۇمران يۈزلىرىمگە، ئوماق زىداقلىرىمغا ھەربىر قېتىم سانچىلغاندا تاتلىق، سىرلىق، شېرىن ھېس - سېزىمدىن يىلاندەك تولغىنىپ كېتەتتىم!... پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ، بەخت، ھاياجان ياشلىرى سىرغىپ چىقىۋاتقان كۆزلىرىمنى مەھكەم يۇمۇپ، كۆكرىكىڭگە بېشىمنى قويۇپ ئۇن - تىنسىز يىتىپ كېتەتتىم...!

مەن ساڭا بەك ئامراق ئىدىم. ساڭا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، سېنى جاھاندىكى جىمىكى ئايال جىنسلارنىڭ ھەممىسىدىن قىزغىناتتىم. ساڭا ھەرقانداق بىر ئايال جىنسىنىڭ گەپ قىلىشىغا، تىكىلىپ قارىشىغا ھەتتاكى يېنىڭدا بىللە تۇرۇشىغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم. ئادەم بىر ئادەمنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ قالسا گۇمان، كۈندەشلىك سەزگۈسى شۇنچىلىك ئېشىپ كېتەمدىكىن - تاڭ، سېنى داۋاملىق باشقىلاردىن كۈنلەپلا تۇراتتىم. گەرچە بۇ گەپلەرنى ساڭا ئېغىز ئېچىپ دېمىگىنىم بىلەن ھەممە دەردىمنى ئۆزۈم بىلەتتىم. سېنى بىرەر كۈن ئەمەس، بىرەر سائەت كۆرەلمەي قالسامىمۇ، سەندىن گۇمانلىنىشقا باشلايتتىم. «ئۇ چوقۇم ھازىر باشقا قىزلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان بولۇشى... ھەتتاكى...» خىيالىمنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم. ئىچ - ئىچىم گۇرۇلدەپ كۆ-

يوپ، قانلىرىم ئېقىشتىن توختاپ، پۈت - قوللىرىم قولىشىپ قالاتتى. كۆزۈمدىن تاراملاپ ياش ئاقاتتى. تۇتقان - قويغىنىمنى بىلمەي، ئالدىمغا كىملا ئۇچرىسا تىللاپ ۋارقىراپ، قولۇمغا نېمە چىقسا قالسا ئېتىپ سۇندۇراتتىم!... «خەپ، ئىككىنچىلەپ يۇ-زۈڭگە قارىمايمەن، سەندىن ئايرىلىپ قالغانغا ئۆلۈپ قالامتىم؟...»
لېكىن سېنى، سېنىڭ ئاشۇ داۋاملىق بىر خىل مۇڭ يېغىپ تۇرىدىغان سۇرلۇك چىرايىڭنى، ئوتلۇق كۆزلىرىڭنى كۆرگەندە بولسا، يەنە ھەممىنى ئۇنتۇيتتۇم. پۈتۈن ئىچكى ھەسرىتىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، تارام - تارام ياش تۆككىنىمچە سېنىڭ ھارارەتلىك قوي-نۇڭغا شۇڭغۇيتتىم... شۇنداق تۇرۇپمۇ، سېنىڭ قوينۇڭدا يېتىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئازابلىق خىياللاردىن قۇتۇلالمايتتىم. «ئۇ باشقا قىزلارنىمۇ مۇشۇنداق باغرىغا باسامدىغاندۇ؟ ئۇ باشقا قىزلارغىمۇ ماڭا دېگەن گەپلەرنى دەمدىغاندۇ؟!»
مەن ساڭا شۇ دەرىجىدە ئامراق تۇرۇپ، مەن ساڭا شۇ دەرىجىدە ئاشىق تۇرۇپ كۆڭلۈمدىكى ئىچكى ھېسسىياتىمنى، پىنھان سىر-لىرىمنى ساڭا قىلچىلىك بىلدۈرمەسلىككە تىرىشاتتىم. ئىچىمدە گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتسىمۇ، تېشىمدا شىۋىرغان ئۇچۇرۇپ، چىرا-يىمدىن قار - مۇز ياغدۇرۇپ تۇراتتىم.
— سىز ماڭا ئامراقمۇ سۇبھى؟ ماڭا ئامراقمۇ؟
كۆزلىرىڭدىن چاچراۋاتقان نۇرغا، يۈرىكىڭدىن چىقىۋاتقان ئوت-قا بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم. سېنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزۈڭدىمۇ، ھەربىر تىنغان ھىد - تىنىقىڭدىمۇ ئادەمنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىد-ۋېتەلەيدىغان يالقۇن — ئوت بار ئىدى. «ئامراق، مەن سىزگە بەك ئامراق... مەن سىزگە بەك ئامراق...» دېگۈم كېلەتتى. لېكىن بۇ گەپنى دېيەلمەيتتىم ھەم دېمەيتتىم. ئىچىم گۇرۇلدەپ كۆيۈپ، كۆزلىرىمدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلۈۋاتسىمۇ، بۇ گەپنى ھەرگىز دېمەيتتىم. سەندەك چىدىماسقا، سەندەك تاش يۈرەك، سەندەك ۋاپا-سىزغا بۇ گەپنى دەپ ئىچكى ھېسسىياتىمنى، پىنھان سىرلىرىم-

نى، ئوت ـ پىراقىمنى بىلدۈرۈپ قويسام ھەرگىز ۋە ھەرگىز بول-
مايدۇ!...

مېنىڭ خىيالىمچە ساڭا بۇ گەپلەرنى دېسەم، سەن مېنىڭ، سەن
ئۈچۈن ئوت ـ لاۋا بولۇۋاتقان ئەڭ پىنھان، ئەڭ نازۇك سىرىمنى،
ئىشق ـ ھەسرىتىمنى بىلىۋالساڭ، سەن تېخىمۇ ھەددىڭدىن ئې-
شىپ كېتەتتىڭ! مەن سېنىڭ ئالدىڭدا تېخىمۇ بىچارە، تېخىمۇ ئا-
مالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتىم. شۇڭا ساڭا قارىماي تۇرۇپ
بوشلا شىۋىرلايتتىم.

— مەن سىزگە ئۆنچىمۇ ئامراق ئەمەس، بىراق سىز ماڭا بەك
ئامراق دەپ تۇرۇۋالغاچقا ئامالسىز...

گەپنى دەپ بولۇپلا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا چىرايىڭغا ئوغرىلىق-
چە قارايتتىم. سېنىڭ چىرايىڭ دەقىقە ئىچىدە سەل ئۆڭۈپ، تا-
تىراتتى ـ دە، لەۋلىرىڭنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس بوشقىنا چىش-
لەپ، چوڭ بىرنى تىناتتىڭ.

چىرايىڭدىكى دەقىقە ئىچىدە «لاپ» قىلىپ يېنىپ ـ ئۆچكەن
ئازاب كۆلەڭگۈسىنى كۆرۈپ ئىچىمدە شۇنداق خۇش بولاتتىم، يۈ-
رىكىم ھاياجاندىن تىپچەكلەپ كېتەتتى.

— ناۋادا مەن سىزگە ئامراق دەپ تۇرۇۋالسام مەن بىلەن كا-
رىڭىز يوقكەن، شۇنداقمۇ؟

ئاۋازىڭ ئاچچىقتىن سەل بوغۇلۇپ قالاتتى. كۆزلىرىڭدىكى نۇر
تېخىمۇ كۈچىيىپ، چىرايىڭ تېخىمۇ سۇرلۇك بولۇپ كېتەتتى.
سەندىكى بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ مەن تېخىمۇ خۇش بولاتتىم ۋە
تېخىمۇ ھەددىمدىن ئاشاتتىم.

— شۇنداق، كارىم يوقتى...

شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا سېنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلايتتىم،
يۈرىكىمدە ساڭا يالغان گەپ قىلغانلىقىمدىن قاتتىق ئازابلانسامۇ،
لېكىن يەنە بىر خىل تاتلىق، شېرىن ئىستەك، سىرلىق ھۇزۇردىن
كۆڭلى ـ كۆكسۈمدىكى ئېغىر ئۇيۇل تاش ئاستا ـ ئاستا پارچىلى-

نىپ، ئۆزۈمنى ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك يىنىك، ئەركىن ھېس قىلاتتىم. چۈنكى سەن مېنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز گېپىمدىن چوڭ ـ چوڭ تىنىپ، ئۇن ـ تىنسىز ھالدا نەچچە دەقىقە ئولتۇرۇپ كېتەتتىڭ. كۆزلىرىڭدىن ئازاب نۇرى، ھىد ـ تىنىقىڭدىن ئازاب ھىدى چىقىۋاتقاندەك شۇنداق ھوزۇرلىنىپ كېتەتتىم... شۇ دەقىقىلەردىن باشلاپ شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى، سەن مەن ئۈچۈن قانچە ئازابلانساڭ، مەن شۇنچە خۇشال بولىدىكەنمەن!

سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ، ئىشقى ـ پىراق، ئاشىق، سەۋدالىقنىڭ سىرىنى ئاخىرى بىلىۋالغاندەك بولدۇم. سەن بىراۋ ئالدىدا ئىچكى سىرىڭنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن تارتىۋاتقان ئازاب، ھەسرەتلىرىڭنى قاتتىق ئاشكارىلىساڭ، سەن ئۇ ئادەم ئالدىدا ئۆزۈڭنى شۇنچىكى ئاجىز، بىقۇۋۇل ۋە زەئىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىكەنسەن! شۇڭا سەن بىراۋ ئۈچۈن مىنۇت ـ دەقىقە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان بولساڭمۇ، ئىچكى ھېسسىياتىڭنى ئالدىراپ بىلدۈرۈپ قويماسلىقىڭ لازىمكەن!

شۇنىڭدىن كېيىن سېنى قىيناش ۋە ئازابلاش ھېسابىغا كۆلۈپ ھوزۇرلىنىدىغان بولدۇم. سەن ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز خۇداغا ئاھ ئۇرۇپ نالە قىلسامۇ، سەن بىلەن كۆرۈشەلمىگەن ۋاقىتلاردا ئازاب، ھەسرەتتىن، ئىشق، سەۋدادىن، كۆيۈك، پىراقتىن كۆزۈمدىن قان ـ ياش ئاققۇزسامۇ، ئۇيقۇ، تاماقتىن قالسامۇ، بىراق سەن بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاتتىم. ئۆزۈمنى پەرۋاسىز، سەن ئۈچۈن ھېچقانداق ئازاب چەكمىگەندەك كۆرسىتىشكە تىرىشاتتىم. «يۈگۈرۈپ بېرىپلا بويىنىغا گىرە سېلىپ، ھۆڭگىرەپ يىغلايمەن، ئىچ ـ باغرىمدىكى پۈتۈن سىرىمنى بىرىنمۇ قويماي تۆكۈۋېتىمەن» دەپ ئويلايتتىم سەن بىلەن كۆرۈشمىگەن چاغدا. بىراق سەن بىلەن كۆرۈشكەندە بۇ خىيالىمدىن يېنىۋالاتتىم. بۇنداق قىلسام، سەن ئۈچۈن دوزاخ ئوتىدا پاراسلاپ كۆيۈۋاتقانلىقىمنى، ساڭا ھەقىقىي ئاشىقلىقىمنى بىلدۈ-

رۈپ قويغاندەك، بۇنى بىلىپ قالساڭ، سەن مېنى تاشلىۋېتىدىغان-
دەك، مەن سەندىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىدىغاندەك، سېنىڭ ئالدىڭدا
تېخىمۇ كىچىكلەپ، تېخىمۇ پاكارلاپ قەدىر - قىممىتىمنى يوقى-
تىپ قويىدىغاندەك ئويلاپ قالاتتىم. شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ شۇنچە
قىزغىن، ئوتتەك ئىنتىلىشلىرىڭگە، چەكسىز ئىنتىزارلىق بىلەن
سۆيۈشلىرىڭگە، سېغىنىش ئىچىدىكى ئوتتەك قۇچاقلاشلىرىڭغا
قورۇنۇپ، تارتىنىپ، ھېيىقىپ، خالىمىغاندەك قىلىپ جاۋاب قاي-
تۇراتتىم. ئەمەلىيەتتە بولسا، قوللىرىڭ قوللىرىمغا، بەدىنىڭ -
بەدىنىمگە، لەۋلىرىڭ، لەۋلىرىمگە تېگىش ئەمەس، سېنى كۆرۈپ
بولغۇچە، ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ كۆزلىرىڭگە قاراپ ھەتتاكى ھىد - تى-
نىقىڭ يۈزلىرىمگە ئۇرۇلۇپ بولغۇچە پۈتۈن بەدىنىم لايدەك بوشى-
شىپ، سۇدەك سۈيۈلۈپ، ھالسىزلىنىپ - جانسىزلىنىپ كېتەت-
تىم!...

سېنىڭ مېنى پەۋقۇلئاددە بىر خىل ھېسسىياتىڭ بىلەن، پۈتۈن
روھى - جىسمىڭ بىلەن ياخشى كۆرۈدىغانلىقىڭنى، سېنىڭمۇ مې-
نى خۇددى مەن سېنى جاھاندىكى جىمىكى ئايال جىنسلاردىن قىز-
غاندەكدەك، جىمىكى ئەر جىنسلىقلاردىن قىزغىنىدىغانلىقىڭنى
بىلگەندىن كېيىن سېنى قىيناپ، ئازابلاپ ھۇزۇرلىنىش ئىشتىيا-
قىم تېخىمۇ كۈچەيدى. بولۇپمۇ سېنىڭ كۈندەشلىك ۋە رەشىك ئو-
تۇڭنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈكلۈكىنى بىلگەن، سەزگەن
ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسان ھېسابلىدىم
ۋە ئىچ - ئىچىمدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سىرلىق ھاياجاندىن،
بىلىپ بولماس بىر خىل ئىچكى بەختتىن ۋىلىقلاپ كۈلدۈم. يۈرى-
كىم بىر خىل تويۇنۇش ھېسسىياتىدا قاتتىق تېپچەكلىدى. «ئۇ
مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ ماڭا ھەقىقەتەن ئامراق-
كەن...»

— باشقا ئەرلەر بىلەن پاراڭلاشماڭ، — دەيتتىڭ سەن كۆزلى-
رىمگە مۇقەددەس بىر ئىشەنچ بىلەن مىختەك تىكىلىپ، — يۈرى-

كىمدىكى راست گەپنى قىلسام، سىزنىڭ مەندىن باشقا، دادىڭىز ۋە ئاكا - ئۈكىلىرىڭىزدىن باشقا ھەرقانداق بىر ئەر زاتى بىلەن پاراڭلىشىشىڭىزنى خالىمايمەن ھەم چىدىمايمەن!

«ئاخىرى ئاشكارىلىدىڭغۇ سەن قەلبىڭدىكى سىرىڭنى، خەپ سېنى تېخىمۇ قىيناپ، تېخىمۇ ئازابلىمايدىغان بولسام...»

شۇنداق خىياللار بىلەن يۈرىكىم گۇرۇلدۇپ كۆيۈپ، قەلبىم ئاچچىق ھەسرەتتىن پۇچىلىنىپ تۇرسىمۇ، «چوقۇم، چوقۇم سىز - نىڭ دېگەن گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن. بۇ ئۆمرۈمدە، بۇ دۇنيادا سىزدىن باشقا، دادام، ئاكا - ئۈكىلىرىمدىن باشقا ھەرقانداق ئەر زاتىغا گەپ قىلمايمەن» دېگەن گېپىمنىڭ ئورنىغا:

— مەنمۇ بىر ھېسسىي - سېزىمى جايىدا، ئەقىل - ئىدراكلىق ئادەم تۇرسام. باشقىلارغا گەپ قىلماي ئۆتكىلى بولامدۇ؟ مەن باش - قىلارغا باشقا گەپ قىلمىغاندىكىن... ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن گەپ قىلمىغان بىلەن باشقىلار گەپ قىلىۋېرىدىغان تۇرسا. يا ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولمىسا... دەيتتىم.

— ئەمىسە مەيلىڭىز، مېنى كۇندەشلىك، خورلۇق ۋە ئازابتىن ئۆلۈپ كەتسۇن دېسىڭىز، كىم بىلەن پاراڭلاشقۇڭىز كەلسە پاراڭ - لىشىۋېرىڭ!

بۇ قېتىم ئۆزۈمنىڭ قىيناپ، ئازابلاپ ھۇزۇرلىنىش ئويۇنۇمنى سەل چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىمنى دەرھال سەزدىم - دە، ئۆزۈم - مۇ قاتتىق قورقۇپ كەتتىم.

سەن چاچراپ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ مەندىن ئىككى قەدەم يىراقلاپ كەتتىڭ. بەدىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى. چىرايىڭ قارىداپ تېخىمۇ سۇرلۇك بولۇپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىڭنىڭ تېگى - تېگىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بىر دەستە نۇر ۋە بىر تېمىم سۇ - زۇك سۆيۈملۈك مېنىڭ پۈتۈن جىسمىمنى كۆيدۈرۈپ، مېنى بۇ دۇنيادا بارمۇ - يوق قىلىۋەتتى... پۈت - قولۇم لاغىلداپ تىترى - دى. يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقتى. كۆزلىرىمگە ئۇقتەك يىغا ياماش -

تى. «نېمىشقا، نېمىشقا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىمەن؟ زادى نېمىشقا؟!...»

چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىنى ئارقا تەرىپىڭدىن مەھكەم قۇچاقلاپ:

— خاپا بولماڭ، خاپا بولماڭ. سىزگە چاقچاق قىلىپ قويدۇم. مەن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا قەسەم قىلىمەنكى، دادام، ئاكا - ئۇكىلىرىم ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمدىن باشقا ھەرقانداق ئەر زاتىغا مەڭگۈ گەپ قىلمايمەن، — دېمەكچى بولدۇم - يۇ، لېكىن يەنە دەقىقە ئىچىدە بۇ ئويۇمدىن يېنىۋالدىم. «ئازابلان، ئازابلان، تېخىمۇ بەك ئازابلىنىپ تاكى مېنى بىر كاچات سالغۇچە ئازابلان!...»

پەرۋاسىز قىياپەتتە يەرگە قاراپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ ساڭا ئوغرىلىقچە قارىدىم. سېنىڭ پۇتكۇل تۇرقىڭدىن گۇرۇلدەپ ئوت كۆيەتتى. كۆزلىرىڭگە قىپقىزىل قان تولۇپ، قويۇق ساقال - بۇرۇت باسقان يۈزلىرىڭ قارىداپ كەتكەندى. لەۋلىرىڭنى چىڭ - چىڭ چىشلەيتتىڭ. مۇشتۇملىرىڭ مەھكەم تۈگۈلگەن بولۇپ، پاچاقلىرىڭ لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى. ساڭا قاتتىق ئىچىم ئاغرىدى دېگەنلىرىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلدىم. ئىچ - ئىچىمدىكى خۇشلۇققا قوشۇلۇپ دەھشەت بىر ئەندىشىمۇ باش كۆتۈرۈپ چىقماقتا ئىدى. «ناۋادا ئۇ مېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىمنى راست دەپ قېلىپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالسىچۇ!...» شۇ خىيال بىلەن پۈتۈن بەدىنىمنى مۇزدەك سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ يېنىڭغا باردىم. لېكىن بۇ چاغدا مەن بەكلا كېچىككەنىدىم. سەن ماڭا قاراپمۇ قويماس گۇس - گۇس دەسسەپ مەندىن يىراقلاپ كەتتىڭ!...

قانلىرىم ئېقىشتىن، يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالدى. پۈتۈن دۇنيا گۆرىستان قاراڭغۇلۇقىغا چۆمدى. بېشىم قېيىپ، تۇنجۇقۇپ ئىزىمغا گۇپپىدە يىقىلدىم... شۇ يىقىلغانچە ھېچنېمىنى بىلمەپتىمەن ۋە ھېچنېمىنى سەزمەپتىمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى

ئاچسام مەن سېنىڭ قۇچىقىڭدا يېتىپتىمەن. سەن ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، پېشانەمگە يېنىك سۆيۈپ كۆزۈمگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ-سەن... سېنى مەھكەم قۇچاقلاپ باچكىدەك بۇقۇلداپ ئىچ - ئىچىمدىن چىقىرىپ ھېقىقداپ يىغلاپ كەتتىم. كۆز ياشلىرىم دەريا - دەريا تۆكۈلەتتى.

— مەن چاقچاق قىلىپ قويغان... مەن سىزگە چاقچاق قىلىپ قويغان، — دەپ تېخىمۇ بەك يىغلاپ كەتتىم.

— مەن بىلىمەن، مەن سىزنىڭ چاقچاق قىلغىنىڭىزنى بىلىمەن، — دەپ شىۋىرلايتتىڭ سەن قۇلىقىمغا ئىغىزىڭنى تەگكۈزۈپ.

سەن يېنىمدا تۇرغان، مەن سېنىڭ ھىدىڭنى ھىدلاپ، يۈرەك سوقۇشۇڭنى ئاڭلاپ، باغرىڭدا پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ ياتقان ۋاقتىمدا سەندىن خاتىرجەم بولاتتىم. سېنى پەقەت ماڭىلا تەئەللۇق دەپ ئويلايتتىم. سەندىن گۇمانلانمايتتىم، بىراق بىز ئايرىلىپ بىر-رەر سائەت ئۆتە - ئۆتمەيلا يەنە مېنى سەۋدا خىياللار، رەشىك، گۇمانلار تىنىم تاپماي قىيناشقا باشلايتتى. سېنى ئويلاپ، نەدە بىر ئىشلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئۆز - ئۆزۈمدىن جىلە بولاتتىم، تىتىلدايتتىم. پۈتۈن بەدىنىم ئوتتەك قىزىپ، قولىشىپ قاتتىق يىغلىغۇم كېلىپ كېتەتتى. مېنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشىم ساڭا ئىشەنمىگەنلىكىمدىن ئەمەس، سېنى پەۋقۇلئاددە ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن، سەندىن ئايرىلىشقا زادىلا كۆزۈم قىيمىغانلىقىدىن بولۇۋاتقان ئىشلار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن باشقىلارنى ئاسانلا ئۆزۈڭگە جەلپ قىلىۋالاتتىڭ. سەندە قانداق بىر سېھرىي - كارامەت باركىن - تاڭ، سەن بىلەن بىردەم - يېرىمدەم ھال - مۇڭ بولۇشقان، كۆزۈڭگە تىكىلىپ بىر قارىغان ھەرقانداق ئادەم ساڭا ئاسانلا ئامراق بولۇپ قالاتتى. شۇڭا مېنىڭ سەندىن گۇمانلىنىپ تۇرۇشۇم بىكاردىن ئەمەس ئىدى. باشقا قىزلار ئەمەس، ھەتتاكى مېنىڭ بەزى جان - جىگەر يېقىن دوستلىرىممۇ بەزىدە سەن توغرۇلۇق سۆزلىدە-

شىپ، قۇشقاچتەك ۋىچىرلىشىپ كېتەتتى، ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىشاتتى.

— سەمەندەرنىڭ كۆزى نېمانچە نۇرلۇق بالىلار، قارىسىلا ئادەم-نىڭ ئىچى بىر قىسما بولۇپ قالىدىكەن - يا؟

— يۇزلىرىچۇ؟

— قاشلىرىچۇ؟

— بۇرۇتلىرىچۇ؟ ئاشۇ بۇرۇتلىرىنى سانجىپ تۇرۇپ بىرەر قې-تىم...

— هۇش، ئۆزۇڭنى تۇتۇۋال، ئۇ بۇرۇتنىڭ ئىگىسى بار جۇمۇ، خالىغان ئادەم ئۆزىگە سانجىتالمايدۇ!

— نېمە دەيسەن؟ ئۇلار تېخى رەسمىي توي قىلمىغاندىكەن، ئۇ-نى كىملا كەلتۇرۇۋالسا شۇنىڭ.

— ئاله شەرىڭنى!

— سۇبهى يىغلاۋاتىدۇ جۇمۇ.

— ئاڭلىدىڭمۇ، ئاڭلىدىڭمۇ سۇبهى، ئۇنى چىڭ تۇت، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن بولمىسا.

گەرچە ئۇلار مېنىڭ دوستلىرىم، چاقچاق قىلىشىۋاتقان بول-سىمۇ، بىراق سېنىڭ گەپلىرىڭنى دەۋاتقان ئاشۇ دەقىقىلەردە هەم سەندىن سۆيۈنۈش، ئىپتىخارلىنىش، هەم سەندىن قىزغىنىش كەي-پىياتى مېنى تەڭلا ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالاتتى. يۈرىكىمگە نەشتەر-دەك سانجىلاتتى. كۆڭلۇم داۋالغۇپ، ئىچىمدە هاڭدەك بىر بوشلۇق شەكىللىنەتتى. بۇ بوشلۇقتا گۇرۇلدەپ ئوت كۆيەتتى.

يىغىلىش، چايلاردا، ئولتۇرۇش، سورۇنلاردا سېنىڭ هەرقانداق بىر قىز - ئايال بىلەن ئۇسسۇل، تانسا ئوينىشىڭغا چىداشلىق بې-رەلمەيتتىم. ناۋادا شۇنداق ئەهۋالنى كۆرۈپ قالسامغۇ ئەسلىي، ئاڭلاپ قالسامۇ نەچچە كېچە - كۈندۈزلەپ ئۇيقۇم كەلمەيتتى. ئالدىمغا ئۇچرىغان هەرقانداق بىر ئايال بىلەن چاچلىشىپ ئۇرۇش-قۇم كېلەتتى. سەن بىلەن تانسا، ئۇسسۇل ئوينىغان ئاشۇ قىز -

ئايالنى ئېچىمدە بۇ دۇنيادىكى ئەڭ سەت، ئەڭ يىرگىنچلىك، ئەڭ پاسكىنا تىللار بىلەن تىللايتتىم، ئۇلارنى قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆمۈرلۈك دۇشمىنىم كۆرەتتىم.

كۆنلەر ئۆتكەنچە سېنى قىيناپ، ئازابلاپ ھۇزۇرلىنىش ئىستىكىم يەنە قوزغالدى. ئۆزۈم قانچە ئازاب تارتىۋاتقان بولساممۇ، يەنە سەن بىلەن پەرۋايىم پەلەك ھالغا كېلىۋالدىم، كۆرۈشەيلى دەپ تېلېفون قىلساڭ، ئوتتەك كۆرۈشكىم تۇرۇپمۇ ۋاقتىم يوق، خىزمىتىم بەك ئالدىراش دەپ تۇرۇۋالاتتىم. ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا پەقەت سەنلا كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلساڭ، ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ چۈشمىگەن، زېمىنغا ئوت كەتمىگەن ئەھۋالدا ھەرقانداق مۇھىم ئىشىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم ۋاقىت چىقىراتتىم. سەنمۇ ماڭا كەسكىن چۇرلا ەلەپ قوياتتىڭ.

— ئا رىنى قاتتىق ئەيىب پىچاق ياغسىمۇ كېلىڭ، كۆرۈشەيلى!

كۆنلەر ئۆتكەنچە گېپىڭدىنلا سېنىڭ مېنى قانچىلىك سېغىنىمەندىن قانچە خاپا بىلىۋالاتتىم. سېنىڭ مېنى سېغىنىپ تۇرۇپ ھەرگىز ئايرىلىپ كەيغىنغانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇشۇمنىڭ ئۆزىلا سېنى ياخشى كۆرگەندىاتا قىلاتتى. ئۆزىنى ئويلايدىغان، ئۆزىنى سېكەنسەن. شۇڭا مەن سېنىق ئادەم نېمىدېگەن بىچارە ـ ھە؟ ئۇنداق نى بىمالال، خاتىرجەم ئويىبتى؟!...

— ئىككىمىزنىڭ ئىشىدمىد دېمەك. ئۇمىد دېمەك — ھايات دېمەن، سۆبھى، ناۋادا شۇنداق بولو

— راست دەيسىز، مەن پەقەت سىن سىزنى بەك سېغىنىپ كەتكىنىڭىز بىلەنلا مۇشۇنداق قىلىۋات

ماڭا دەڭە، ب ىپ تۇرسىمۇ، لېكىن يەنە سېنى قىي ابلاش ئارقىلىق ھۇزۇرلىنىش ئىستىكىم غالىب كەلدى

— ئەتە كۆرۈشەلمەيمەن.

— نېمىشقا؟

سىنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىڭنى ئاۋازىڭدىن ۋە تىنىدقىڭدىن بىلىپ تۇراتتىم، سەن جىددىيلەشكەنچە مەن تېخىمۇ خۇشال بولدۇم.

— ئەتە ۋاقتىم يوق، خىزمىتىم بەك ئالدىراش.

— شۇنچە ئالدىراش قانداق خىزمەت ئۇ؟

— جەدۋەل ئىشلەۋاتىمىز؟

— كىم بىلەن؟

— كەنتتىكىلەر بىلەن، ناھىيەدىن نۇقتىغا چۈشكەنلەر بىلەن.

چوڭ بىرنى تىنىپلا يوقاپ كەتتىڭ. بىلىپ تۇرۇۋاتاتتىمكى، سەن ھازىر كۆندەشلىك ئازابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتاتتىڭ. چۈنكى سەن مېنىڭ ھەرقانداق بىر يات ئەرلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ بىرەر تېمىم سۇ ئىچىشىمنىمۇ، بىرەر بۇردا ن[illegible]شىمنىمۇ، ھەتتاكى بىللە ئولتۇرۇپ بىرەر ئېغىز پاراڭلىش[illegible]ىمايتتىڭ.

— گەپ قىلىڭ، بولمىسا تېلېفوننى قويىۋې[illegible]ىڭ تۇت، ئۇنىڭدىن مەن شۇ تاپتا ئۆزۈمچە ئۆزۈمنى ئۇستە[illegible]دۇم، مەن نېمە دېسەم بولۇۋ[illegible] دەب[illegible]ق قىلىشىۋاتقان بول-

— سۈبھى تېلېفوننى [illegible]ن ئاشۇ دەقىقىلەردە ھەم تېلېفوننى بېسىۋەتت[illegible]م سەندىن قىزغىنىش كەي-

سىنىڭ خۇيۇڭ ماڭا بە[illegible]، ئالاتتى. يۈرىكىمگە نەشتەر-

ئاخىرلاشماي، بىر - بىر[illegible]پ، ئىچىمدە ھاڭدەك بىر بوشلۇق

قويىۋەتسەم، سەن قاتتىق ئاز[illegible]كۆرۈلدەپ ئوت كۆيەتتى.

[illegible]دۇرۇپ، نەچچە - نەچچە قېتىملا[illegible]ش، سورۇنلاردا سىنىڭ ھەرقان[illegible]تىمىمۇ شۇنداق بولدى. سەن قايتا - [illegible]تانسا ئە[illegible]ت. مەن قايتا - قايتا بېسىۋەتتىم. سىنىڭ غەزەپ، ئازاب ۋە ئاچچىقتىن ئوت بولۇپ يانغان كۆزلىرىڭ، بۆرىدەك سۈرلۈك بولۇپ كەتكەن چىرايىڭ كۆز ئالدىمغا كەلدى - دە، شېرىن بىر تۇيغۇدىن قەلبىم لەرزىگە كەلدى. بىراق سېنى ئالدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئازابلىغانلى-

قىم ئۇچۇن كۆڭلۈم قاتتىق يېرىم بولدى. كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش ئاقتى.

سەمەندەر، سەن مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭدا مېنى قانداق ئادەمدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىۋاتىدىغانسەن ھەقچان. مېنى كەچۈر، مېنىڭ تاش يۈرەكلىكىمنى راستتىنلا كەچۈر سەمەندەر. ئاشۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشىۋاتقاندا، تېلېفوننى گېپىمىز تۈگىمەستىن قويۇۋەتكەندە مېنى ئازابلانمايدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئەمەلىيەتتە مەن سېنىڭ بىر ئېغىز ئاۋازىڭنى ئەمەس، بىر قېتىملىق ھىد ـ تىنىقىڭنى ئاڭلىشىۋېلىشقىمۇ نەقەدەر تەشنا، نەقەدەر تەقەززا ئىكەنلىكىمنى بىلسەڭچۇ كاشكى!... تېلېفوننى قويۇۋېتەتتىمىيۇ، كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش تۆكەتتىم. سېنى ئويلاپ، ئاچچىقتىن چىشلىرىڭنىڭ غۇچۇرلاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئۆزۈمنى قاتتىق ئەيىبلەيتتىم...

كۈنلەر ئۆتكەنچە مەن شۇنى تېخىمۇ ھېس قىلدىمكى، سەن مەندىن قانچە خاپا بولغان، قانچە غەزەپلەنگەن ھالەتتىمۇ مەندىن ھەرگىز ئايرىلىپ كەتمەيدىكەنسەن. ئەمەلىيەتتە سەن مېنى، مەن سېنى ياخشى كۆرگەندىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ياخشى كۆرىدىكەنسەن. شۇڭا مەن سېنى قىيناپ، ئازابلاپ ھۇزۇرلىنىش ئويۇنۇمنى بىمالال، خاتىرجەم ئويناۋەرسەم بولىدىكەن!

— ئىككىمىزنىڭ ئىشىدا مەن سىزنى زورلاپ قالغاندەك تۇرىمەن، سۇبھى، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا...

— راست دەيسىز، مەن پەقەت سىزگە يۈز كېلەلمەيلا، سىزنىڭ زورىڭىز بىلەنلا مۇشۇنداق قىلىشىۋاتىمەن، بولمىسا...

— بولمىسىچۇ؟ ماڭا دەڭە، بولمىسىچۇ؟

سېنىڭ مۇشۇنداق خاپا بولغان ھالىتىڭنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن نېمىدېگەن ھۇزۇرلۇق ئىش ـ ھە؟ سەن ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتەتتىڭ. كۆزلىرىڭدىن ئوتتەك بىر ئۇچقۇن يالت ـ يۇلت چاقنايتتى. يۈزلىرىڭ ئېسىلىپ، مۇشتۈملىرىڭ تۈگۈلۈپ كې-

تەتتى.

— مەن سىزنىڭ ھەرقانداق بىر ئىچىز گېپىڭىزگە شەك - شۇبھىسىز ئىشىنىمەن، سۇبھى. شۇڭا ماڭا چاقچاق قىلماڭ. سىز - نىڭ ئادەتتىكى بىرەر ئىچىز گەپلىرىڭىزمۇ يۈرىكىمنى تىتما - كاتاڭ قىلىپ مېنى بۇ دۇنيادا بارمۇ - يوق قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ماڭ ئۇنداق چاقچاق قىلماڭ!

بۇ گەپلىرىڭدىن كۆڭلۈم تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. شۇڭا سېنى تېخىمۇ جىلە قىلىپ، تېخىمۇ ئازابلاپ، تېخىمۇ بەكرەك ھۇ - زۇرلانغۇم كېلەتتى.

— مەن سىزگە چاقچاق قىلمىدىم، سەمەندەر، مېنىڭ سىزگە دېگەن گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى چىن يۈرىكىمدىكى راست گەپلەر.

سەن ئىزىڭدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ قالاتتىڭ. لەۋلىرىڭنى چىڭ - چىڭ چىشلەپ، يىراق - يىراقلارغا قارايتتىڭ.

— ماڭا سىز بىر ئىچىز راست گېپىڭىزنى قىلىڭ، سۇبھى. ناۋادا مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن يىراق بىر يەرگە كېتىپ قالسام كۆڭلىڭىز يېرىم بولامدۇ؟

— ياق، كۆڭلۈم يېرىم بولمايدۇ!

— مەن يىراقلارغا كەتسەم مەندىن قۇتۇلغىنىڭىز ئۈچۈن خۇ - شال بولىدىكەنسىز - دە!

— راست. سىز يىراقلارغا كەتسىڭىز مەن خۇشال بولىمەن، شۇنداق يېنىكلەپ قالىمەن!

— مۇشۇ گەپلىرىڭىز راست گەپلەرمۇ؟

— راست گەپ، چىن گەپ!

سەن چوڭ بىرنى تىنىپ ئاستا ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ - دە، خۇددى ئۆز - ئۆزۈڭگە سۆزلەۋاتقاندەك بوشلا شىۋىرلىدىڭ.

— ئاخىرى ئۈيلىغىنىمدەك چىقتى. ئەسلى سىز مېنى چىن دىلىڭىزدىن ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېنى ئالداپ كەپتىكەنسىز - دە!

«ياق، ياق، سىزنى ئالدىمىم، خۇدا ھەققى ئالدىمىدىم، بايىقى گەپلىرىم يالغان، سىزنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرۈدىغانلىقىم، سىزدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدىغانلىقى راست!...»

ئويۇم ئوي پېتى، نالەم نالە پېتى قالدى. سەن كەينىڭگىمۇ قاراپ قويماي مەغرۇر قەدەملەر بىلەن كېتىپ قالدىڭ.

— مەن سىزنىڭ «ياق، سىز كەتسىڭىز بولمايدۇ، سىز كەتسىڭىز بولمايدۇ» دېگەن بىر ئېغىز گېپىڭىزگە نەقەدەر تەشنا ئىدىم — ھە؟ خەير، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ!

سالقىن، يېنىك شامال سېنىڭ ئاشۇ ئىدا، پىغانلىرىڭنى قۇلىقىمغا يەتكۈزگەن دەقىقىدە خۇددى چۇشەكەپ ئويغانغاندەك چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم — دە، ئارقاڭدىن يۈگۈردۈم، بىراق مەن يەنىلا بەكلا كېچىككەنىدىم. سەن مەندىن ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەنىدىڭ!

بىر كۈن تېلېفون قىلمىدىڭ. سائەتكە، كۈنگە، تېلېفونغا تولا قاراپ قاتتىق ئازابلاندىم. ساڭا تېلېفون قىلىشقا نېمىشقىدۇر جۈرئەت قىلالمىدىم. كۆڭلۈمدە سېنىڭ تېلېفون قىلىشىڭدىن يەنىلا ئۈمىد، يەنىلا ئىشەنچ بار ئىدى. چۈنكى بۇنداق ئىش بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ نەچچە ئون قېتىملاپ تەكرارلانغان. سەن ماڭا ئاچچىقلاپ بىر — ئىككى كۈن تېلېفون قىلماي ئۈچىنچى كۈنگە كەلگەندە يەنە تېلېفون قىلاتتىڭ. سېنىڭ ماڭا چىدىمايدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، شۇڭا بۇ قېتىممۇ بىرىنچى، ئىككىنچى كۈننى ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزسەممۇ چىشلەپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. «بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز بۇنداق چاقچاق قىلمايمەن» دەپ شىۋىرلايتتىم لۆم — لۆم ياش تۆكۈپ.

دېگەندەك ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا تېلېفون قىلدىڭ، ئىكراندىن سېنىڭ نومۇرۇڭنى كۆرۈپلا چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن پۈتۈن بەدىنىم جالاقلاپ تىترەپ

كەتتى. دېمەك، سېنىڭ ماڭا چىدىمايدىغانلىقىڭ، سېنىڭ مەنسىز ياشىيالمايدىغانلىقىڭ يەنە بىر قېتىم تولۇق ئىسپاتلانغانىدى!

«ئىككى كۈننىڭياقى تېلېفون ئالمىغىنىڭغا بىر تويغۇزاي، قې-نى، ئازابىنىڭ تەمىنى سەن يەنە بىر تېتىپ باق.» شۇ خىيال بىلەن تېلېفوننى ئالمىدىم. مېنىڭچە مۇشۇنداق قىلسام، سېنىڭ ماڭا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىڭ ھەسسىلەپ ئاشاتتى!

سەن شۇ كۈنى ساق يىگىرمە ئىككى قېتىم تېلېفون ئۇردۇڭ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن جىمجىتلا يوقاپ كەتتىڭ. كۆڭلۈمدە بۇ مېنىڭ غەلىبەم ئىدى. بۇگۈن مەن سېنى يەڭگەن، مەن غەلىبە قىلغان ئىدىم... بىراق...

ئەتىسىدىن باشلاپ يەنە ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. «ئەتىلا تې-لېفون ئالىدۇ. بۇ قېتىم چوقۇم سۆزلىشىمەن. ئۇنى ئەمدى بۇنداق قىينىمايمەن» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. بىراق ئۈچىنچى كۈنىمۇ جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى مەن تىتىلداشقا، ئازابلىنىشقا، ئەنسىرەشكە باشلىدىم. تۆتىنچى كۈنى قاق سەھەردە مەن ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي بولالماي ساڭا تېلېفون قىلدىم! ئاھ... ۋادىرىخا! بۇنىڭ نېمىسىنى ئېيتاي ئەمدى؟ سەن تېلېفون نومۇرۇڭنى ئال-ماشتۇرۇۋېتىپسەن ئەمەسمۇ؟! ئۈچ قېتىم، بەش قېتىم، ئون قې-تىم قايتا ـ قايتىلاپ تېلېفون ئۇردۇم: «بۇنداق نومۇر يوق، توغ-رىلاپ قايتا ئۇرۇڭ» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈتۈن يەر ـ جاھان پىرقىراپ چۆرگىلەپ كەتتى. كۆزلىرىمدىن يامغۇر-دەك ياش تۆكۈلدى. يۇرىكىم چاك ـ چاك يېرىلىپ، قەلبىم مىڭ پاتمان تاشنى سېلىپ قويغاندەك ئېغىرلاشتى. تىنالماي، تۇنجۇ-قۇپ، تېپىرلاپ، ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتىم. لەۋلىرىمنى چىشلەپ، چاچلىرىمنى يۇلدۇم. قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمگە دەقىقە ئىچىدە مىڭ ـ مىڭ پۇشايمانلارنى قىلدىم. «ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست بول-غىنىمىدى؟ ئۇ راستىنلا يىراق يەرلەرگە كېتىپ قالارمۇ؟...»

ئويلىغانچە ئىچ ـ ئىچىم گۇرۇلدەپ كۆيەتتى. نېمە قىلارىمنى

بىلەلمەي تەرەپ ـ تەرەپكە يۈگۈرەيتتىم.
شۇ بىر كۈنۈم مىڭ يىلغا تەڭ بولۇپ چىدىغۇسىز ئازاب ئىچىدە يىلاندەك تولغىنىپ ئۆتتۇم. بىشىم قىيىپ، قىزىپ، ھۆ قىلىپ ھەش ـ پەش دىگۈچە ئاغرىپمۇ قالدىم. ئاھ... ھىجران ئازابى، كۆيۈك ئازابى دىگەن مۇشۇمۇ؟ مەن نىمىشقا ئۇنى شۇنچە ۋاقىتلاردىن بىرى قىيناپ، ئازابلاپ كەلگەن بولغىيتتىم؟ ئۇ شۇنچە ئازابلارغا قانداق چىدىغان، شۇنچە كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزگەن بولغىيتتى ـ ھە؟!...
ئەتىسى ئەتىگەندە ماشىنىدىن بىرنى كىرا قىلىپ ناھىيەگە باردىم ـ دە، ئۇدۇل سىنىڭ ئىشخاناڭغا ئۇسسۇپلا كىردىم. مەن ھازىر ساراڭ بولغاندىم. مەن ھازىر سەن بىلەن كۆرۈشۈشتىن باشقا ھىچ ئىشنى ئويلىمايتتىم. ئەپسۇسكى ئىشخاناڭدا، سىنىڭ ئورنۇڭدا مەندىن ئىككى ـ ئۈچ ياش كىچىك، بەكمۇ چىرايلىق، ەكمۇ نازۇك بىر قىز ئولتۇراتتى.
ــ بۇ... سىز بىرسىنى ئىزدەمسىز، نىمە ئىشىڭىز بار؟
ــ سەمەندەر... مەن سەمەندەرنى ئىزدەيتتىم.
قىز شۇندىلا ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ مىنىڭ بىشىمدىن پۇتۇمغىچە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.
ــ سىز... سىز سۇبھى ئاچاممۇ؟ سەمەندەر ئاكام مىنۇت ـ دەقىقە ئىغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئەڭ، ئەڭ ئىشىنىدىغان، ئەڭ چوقۇنىدىغان، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ، ئەڭ ياخشى قىز دەپ تەرىپلەيدىغان سۇبھى ئاچام سىزمۇ؟
تۇرۇپلا يۈرىكىم شۇرۇلداپ ئىرىپ كەتكەندەك بولۇپ، كۆزلىرىمدىن تارامىلاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى.
ــ شۇنداق... شۇنداق... مەن سۇبھى!
ــ ئۆزىڭىز شۇنچە چىرايلىق، شۇنچە نازۇك، شۇنچە ناتىۋان تۇرۇپ نىمانچە تاش يۈرەك يارىلىپ قالغان بولغىيتتىڭىز ـ ھە؟ نەچچە يىلدىن بىرى سەمەندەر ئاكامنى نىمانچە قىينايسىز؟ نىمادـ

چە ئازابلايسىز؟ ئەجەبا ئۇنىڭ سىزنى نەقەدەر ياخشى كۆرۈدىغانلى-
قىنى بىلمەمتىڭىز - ھە؟! ئىسىت، بوپتۇ. قالغان گەپلەرنى بىز
كېيىن دېيىشىۋالارمىز. سىز تېز بولۇڭ. سەمەندەر ئاكام بىر سا-
ئەتنىڭ ئالدىدا قەشقەرگە ماڭغان. ئەتىگەنلىك ئايروپىلاندا ئۈرۈم-
چىگە ئۇچماقچى ئىدى. سىز تېز بارسىڭىز، ئۇنى ئايرودۇرۇمدا ئا-
خىرقى قېتىم كۆرۈۋالالىشىڭىز مۇمكىن!

— نېمە؟ ئۇ...

— ئۇنى ئۈرۈمچىدىكى بىر شىركەت خېلى بۇرۇنلا مۇئاۋىن باش
دىرېكتورلۇققا تەكلىپ قىلغانىدى. لېكىن ئۇ چاغلاردا نېمىشقىدۇر
بارمىغان. بۇ قېتىم تۇيۇقسىز بارىدىغان بولۇپ قالدى...

قەشقەرگە قانداق كەلگىنىمنى بىلمەيمەن. ماشىنىغا مەن چىق-
تىممۇ ياكى ماشىنا ماڭا چىقتىمۇ ئېسىمدە يوق. مېنىڭ بىلىدى-
غىنىم كۆزۈمدىن دەريا - دەريا تۆكۈلۈۋاتقان ياش. قەلبىمدىن پات-
مان - پاتمانلاپ چىقىۋاتقان نىدا، نادامەت!

«بۇنداق قىلماڭ. بۇنداق قىلماڭ، سۇبھى، مېنى بۇنداق قىيند-
ماڭ. مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىم گۇناھ ئەمەس. ماڭا
ئۇنداق قاتتىق تەگمەڭ. ماڭا ۋارقىرىماڭ، مېنىڭ دىلىم بەك نازۇك
بولۇپ قالدى. ماڭا بۇنداق چاقچاق قىلىپ مېنى ئازابلىماڭ! بۇنداق
قىلىۋەرسىڭىز، مەن بۇ يۇرتتىن كېتىمەن، ھامان بىر كۈنى كې-
تىمەن...!»

يۇگۈرۈۋاتىمەن، يىغلاۋاتىمەن، كىملەرگىدۇر سوقۇلۇۋاتىمەن.
سەمەندەر، سەمەندەر سىز كەتمەڭ دەپ ۋارقىراۋاتىمەن. ئايرودۇ-
رۇمنىڭ ئايروپىلان كۈتۈش زالىغا كىرىپ پۈتۈن جان - جەھلىم
بىلەن ۋارقىرىدىم:

— سەمەندەر، سەمەندەر... چىدىماس، ۋاپاسىز، بۇياققا چىقىڭ!

ئەتراپىمغا ئادەملەر توپلىنىپ كەتتى. كىملەردۇر مېنى ساراڭ-
غا، سەۋداغا چىقىرىۋېتىشتى. كىملەردۇر ئىچ ئاغرىتىپ پى-
چىرلاشتى. كىملەردۇر توۋا دەپ ياقىلىرىنى چىشلەشتى. مەن

زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇنايلىنىپ يېتىپ ھۆركىرەپ يىغلايتتىم.

— سەمەندەر، مېنى كەچۈرۈڭ سەمەندەر، سىز يېنىمغا قايتىپ كېلىڭ!

كىملەردۇر ئىككى قولتۇقۇمدىن يۆلەشتۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇرغۇزغاندەك قىلدى.

— سىز كىم؟ بىرسىنى ئىزدەمسىز؟

— سەمەندەر، سەمەندەر، سەمەندەرنى ئىزدەيمەن... مەن سەمەندەرنى ئىزدەيمەن!

بېشىمنىڭ پىرقىراپ قايغانلىقىنى، قاتتىق بىر قۇرۇق ھۆڭنىڭ تۇتقانلىقىنى بىلىمەن. ھالسىزلىنىپ - جانسىزلىنىپ ئىزىمغا ئاستا سىيرىلىپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىمنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىمنىلا بىلىمەن. قالدى ئىشلار قىلچىلىك ئېسىمدە يوق.

نەچچە سائەت، ھەتتاكى نەچچە كۈن ئاشۇ ھالەتتە ئەس - ھوشسىز ياتقانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئىش قىلىپ خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن قۇلىقىمغا كىچىك تاش ئېرىقتا سۇپسۇزۇك سۇنىڭ شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئاۋازىغا ئوخشايدىغان يېنىك، مۇڭلۇق بىر ئاۋاز، ئالتە ئايلىق بوۋاقنىڭ ئۇخلاۋاتقاندىكى تىنىقىغا ئوخشايدىغان لەززەتلىك، گۈزەل بىر پۇشۇلداش ئاڭلانغاندەك قىلدى. بېشىم چىڭقىلىپ، پۈتۈن بەدىنىم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. زورلاپ — زورىقىپ يۇرۇپ كۆزۈمنى ئاچتىم.

— ھوشىغا كەلدى، ھوشىغا كەلدى!

— سۇبھى، سۇبھى، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ سۇبھى، بۇ مەن، مەن سەمەندەر!

مەن يەنە ھوشۇمدىن كەتتىم. ئۇچتەك يېنىكلەپ، قۇشتەك ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋاتاتتىم. تايدەك چېپىپ گۈزەل باغۇ - ئېرەمگە كىرىپ كېتىۋاتاتتىم. يۈز - كۆزلىرىمگە پەرىشتىلەرنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلمەكتە. نېپىز لەۋلىرىمگە،

ئوماق يۈزلىرىمگە بىر ئەر پەرىشتىنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرى، يۇمران بۆرۈتلىرى چەكسىز لەززەت ـ لەززەت ئىچىدە يېنىك سانجىلماقتا ئىدى... بۇ سۆيۈش، بۇ سانجىلىشتىن پۈتۈن جىسمىمغا، پۈتۈن دۇنياغا گۈرۈلدەپ ئوت تۇتاشماقتا ئىدى. بۇ ئوتقا، بۇ لەززەتكە چىدىيالماي چۇشەكەۋاتقاندەك، ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقاندەك تو ـ لىمۇ بوش ئاۋازدا شىۋىرلايتتىم.

ـــ ئوت... ئوت... سەمەندەرنىڭ ئوتى!...

2009 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى
يوپۇرغا بايئاۋات ـ ئارا گەمە كەنتى

# تۈندىكى سايە

ھاۋا سوغۇق ئىدى. شىۋىرغانلىق قار يۈز - كۆزلەرنى ھەرىدەك چاقاتتى. كوچىدا ئادەملەر شالاڭ بولۇپ، ھېچكىم - ھېچكىمگە دىققەت قىلمايتتى.

قىز توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىۋاتقىنىمغا ئالاھەزەل بىرەر سائەتچە بولۇپ قالغانىدى.

— ئۇكام سائىتىڭىز قانچە بولغاندۇ؟ — دەپ سورىغانىدىم قىز ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە ئۆزۈممۇ سەزمەستىنلا تىترەپ تۇرۇپ. قىز چۆچۈپ ئىزىدا چىپپىدە توختاپ قالدى. ئۇ ماڭا چەكچىيىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، لەۋلىرىنى بوشقىنا چىشلەپ قويدى ۋە پىسىڭگىدە بىرنى كۈلۈپ سالدى.

— سائەت تۆتتىن ئون مىنۇت ئۆتتى.

قىزغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى قىز بەك چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ قاشتېشىدەك سۈپسۈزۈك چىرايى سوغۇقتىن ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇزۇن - ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرى چوغدەك يېنىپ تۇراتتى. سۇس قىزغۇچ نېپىز لەۋلىرى ئادەمنى ھەر كوي، ھەر ئويلارغا، يۈرەكلەرنى ساراسىمىگە سالاتتى. كىيىۋالغان قاپقارا ئۇزۇن پەلتوسى بىلەن بوينىغا سېلىۋالغان قىپقىزىل شارپىسى ئېگىز، زىلۋا قامىتىگە شۇنداق ياراشقان بولۇپ، ھۆسنىگە مىڭلاپ ھۆسن، لاتاپىتىگە مىڭلاپ لاتاپەت قوشقانىدى. «قىز بولسا مۇشۇنداق بولسا... نېمىدېگەن كېلىشكەن، چىرايلىق. يۈرەكنى پاراكەندە قىلىپ... ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق چىرايلىقلىقىنى بىلەمدىغاندۇ؟!...»

— نېمە؟ ماڭا بىر نېمە دېدىڭىزمۇ؟

— ياق، ياق... مەن ئۆزۈمچە... رەھمەت، رەھمەت سىزگە...

قىز كەتتى. ئۇ ماڭا قاراپ يەنە شۇنداق تاتلىق بىرنى كۈلۈپ قويۇپ ئاستا، لەرزان قەدەملەر بىلەن يېنىمدىن كەتتى.

كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى. قىزغا قاراپ ئىزىمدا قانچىلىك تۇرغىنىمنى، نېمىلەرنى ئويلىغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا قىز شاپپىدا ئارقىسىغا قاراپ نەچچە دەقىقە تۇرۇپ قالدى ـ دە، يەنە كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئۆز يولىغا ماڭدى. «مەن قىزغا قىزىقىپ قالغاندەك، قىزمۇ ماڭا قىزىقىپ قالدى. بولمىسا بىكاردىن بىكارلا ماڭا قاراپ تاتلىق كۈلەمدۇ؟ بىكاردىن ـ بىكارلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭا قارامدۇ؟... ماڭاي. ئۇ تاكى ئۆيىگە كىرىپ كەتكىچە، كۆزۈمدىن يوقالغىچە مېڭىپ باقاي. يېتىشىۋېلىپ گەپكە سېلىپ باقاي. ناۋادا سەل ئىنىدەككە كېلىپ يۇمشىغۇدەك بولۇپ قالسا...» شۇنداق ھەم تاتلىق، ھەم بولمىغۇر خىياللار بىلەن ئارقىسىدىن ئەگەشتىم. قىزمۇ خۇددى مېنىڭ ئوي ـ خىياللىرىمنى بىلىپ قالغاندەك پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ قويياتتى...

ئەتراپ بارا ـ بارا قاراڭغۇلىشىپ، سوغۇق تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. قىز تېخىچە توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ خۇددى ئۆز ـ يىنى تاپالمايۋاتقاندەك ھېلى چوڭ كوچىدىن تار كوچىغا، ھېلى تار كوچىدىن چوڭ كوچىغا چىقىپ كېتىۋاتاتتى...

مەن خىيالىمدا قىزغا يېتىشىۋالاتتىم. قىز ماڭا قاراپ يەنە شۇنداق تاتلىققىنا كۈلۈپ قويياتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ كېتىۋېتىپ، نۇرغۇن گەپلەرنى سورايتتىم. قىزمۇ خۇددى مەن بىلەن كونا تونۇشلاردەك ئېچىلىپ يېيىلىپ پاراڭلىشاتتى.

— بەك مېڭىپ كەتتىڭىز، ئۆيىڭىزنى تاپالمايۋاتامسىز ـ يا؟

— مېنىڭ بۇ شەھەردە ئۆيۈم يوق.

— نېمە، سىز...؟

— مەن بۇ شەھەرگە تېخى يېڭىلا كەلدىم، ئۆيۈم قاغىلىق ناھىيەسىدە.

— ئەمىسە بۇ كېچىدە نېمە دەپ بۇنداق تار كوچىلاردا مېڭىپ يۈرىسىز، يالغۇز قورقمىدىڭىزمۇ؟

— يېنىمدا سىز تۇرسىڭىز نېمىشقا قورقىمەن؟

— ئۇغۇ شۇ، بىراق ئىككىمىز تېخىچە تونۇشمايدىغان تۇرساق. سىزگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىمدىن ئەنسىرىمىدىڭىزمۇ؟

قىز قاق - قاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك زىل ئاۋازى كېچە قوينىدا يىراق - يىراقلارغا سىڭىپ كەتتى.

— سىزدىن... سىزدىن ئەنسىرىمەيمەن. سىزدىن قورقمايمەن. ياق، ياق... سىزدەك ئادەملەر باشقىلارغا ھەرگىزمۇ زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. سىزدەك ئادەملەرنىڭ قولىدىن باشقىلارغا يامانلىق قىلىش كەلمەيدۇ. سىز بىرسىگە يامانلىق قىلىشنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايسىز.

— نېمىشقا؟ نېمىشقا مەن باشقىلارغا يامانلىق قىلالمىغۇدەكمەن؟

— چۈنكى سىزنىڭ باغرىڭىز بەك يۇمشاق. باغرى يۇمشاق ئادەملەر كۆپىنچە قورقۇنچاق كېلىدۇ. تەۋەككۈلچى ئەمەس. سىزنىڭ بايا ماڭا گەپ قىلغاندىكى ھالىتىڭىزلا، ئىچكى دۇنيارىڭىزنى ماڭا بەش قولدەك كۆرسىتىپ قويدى. ھېچكىم يوق قاراڭغۇ كوچىدا يالغۇز بىر قىزغا گاچىدە ئىككى ئېغىز گەپ قىلالماي تىترەپ - تەمتىرەپ تەرلەپ كەتتىڭىز. سىزنىڭ شۇ تۇرقىڭىزغا قاراپ ھەم قاتتىق كۈلگۈم كېلىپ كەتتى، ھەم سىزگە راستتىنلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى...

«ئەسلي سەنمۇ تېشىڭ بۇنداق پارقىراپ تۇرغان بىلەن ئىچ - ئىچىڭدىن سېسىپ، ۋەتتۇەرىكىڭ چىقىپ كەتكەن بىر نېمە ئوخشىمامسەن؟ ھۇ داپشاق، ئەسلي سېنى قولۇڭدىن تۇتۇپلا تامنىڭ ئارقىسىغا سۆرىگەن ياكى خېنىم بۇ كېچىدە يوللىرى قاياقتا؟ مىجەزلىرى بولسا ماڭمايلىمۇ ياتاققا دېگەن بولسام، ئاندىن مېنى ھە -

قىقىي ئوغۇل بالا سانايدىكەنسەن ـ دە! ھو قەدرىنى بىلمەيدىغان...»

— نېمىشقا گەپ قىلماي سۇغا چۆشكەن تاشتەك يوقاپ كېتىسىز؟ گېپىڭىز بولسا بۇنداق پىسسىلداپ ئىچىمنى پوشۇرماي غاچ ـ غۇچ دېمەمسىز؟

ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ئۇنۇم تېخىمۇ ئىچىگە چۆشۈپ كەتتى. ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىۋالغان چاغدا ھامان يەنە بىرى تەبىئىيلا پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغان گەپكەن. ئۇ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىۋالغانىدى.

— ماڭا نېمىشقا ئىچىڭىز ئاغرىپ قالدى؟ مەن يا...

— چۈنكى سىز ئويلىغانلىرىڭىزنى دېيىشكە پېتىنالمىدىڭىز. ئوغۇل بالا دېگەن جېنى چىقىپ كەتسىمۇ، كۆڭلىدە ئويلىغان گېپىنى دەۋىلىشى كېرەك. لېكىن سىز ئۇنداق قىلالمىدىڭىز. بايا مەن يىراقتىن كېلىۋاتقاندا، مەن توغرىلىق نۇرغۇن خىياللارنى قىلدىڭىز. ماڭا گەپ قىلماقچى، مېنى تاماققا تەكلىپ قىلماقچى، ناۋادا سىزگە ئەشىنىپ ماقۇل بولۇپ قالسام، بىرەر خالىي جاينى تېپىپ، بىرەر كېچە مەن بىلەن پاراڭلاشماقچى بولدىڭىز. لېكىن مەن سىزگە يېقىنلاشقانچە بۇ ئويلىرىڭىزدىن يېنىۋېلىشقا باشلىدىڭىز. چۈنكى مەن بەك كېلىشكەن، چىرايلىق قىز بولغاچقا، سىز ھودۇقۇپ تەمتىرەپ قالدىڭىز. باياتىندىن بېرى ئويلىغانلىرىڭىزنىڭ بىرىمۇ كاللىڭىزغا كەلمىدى. پەقەت ئالدىڭىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمدىلا خۇددى چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك تىترەپ ـ تەمتىرەپ تۇرۇپ:

— ئۇكام سائىتىڭىز قانچە بولغاندۇ؟ — دېگەن گەپنى ئاران ـ ئاران دېيەلىدىڭىز، تۇرقىڭىزغا قاراپ قاتتىق كۈلگۈم كېلىپ كەتتى. چۈنكى شۇ چاغدىكى ھالىتىڭىز، راستتىنلا بەك كۈلكىلىك ئىدى. ھودۇقۇپ ـ تەمتىرەپ كەتكىنىڭىز چىرايىڭىزدىن، كۆزلىرىڭىزدىن چىقىپ تۇراتتى. يۈزلىرىڭىز خۇددى يۈزى ئېچىلمىغان

قىز بالىنىڭ يۈزلىرىدەك ۋىل ـ ۋىل قىزىرىپ كەتتى... كېيىن مەن يېنىڭىزدىن كەتتىم، كېتىشىم بىلەنلا يەنە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىڭىز، كۆڭلىڭىز بەك يېرىم بولدى. ماڭا جىقراق گەپ قىلـ ـلىۋالمىغىنىڭىز ئۈچۈن ئەلەم بىلەن لەۋلىرىڭىزنى چىشلىدىڭىز. مەن سىزنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىڭىزنى بىلىپ تۇراتتىم. شۇڭا مەنمۇ كەينىمگە پات ـ پاتلا قاراپ قويۇپ ماڭدىم. ئويلىغىنىمدەك سىز كەينىمدىن ئەگەشتىڭىز. ئەگەشتىڭىز ـ يۇ، لېكىن ماڭا يېـ ـتىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ مەندىنمۇ ئاستا ماڭدىڭىز. كەينىمگە قارىسام سىز توختىۋالدىڭىز. ماڭسام ماڭدىڭىز. بۇ ئىشلىرىڭىز ماڭا تېخىمۇ قىزىق تۇيۇلدى. شۇڭا قەستەن كەينىمگە قاراپ، سىز ـ نى ساقلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن سىز ماڭا ئۆ ـ زىڭىزمۇ سەزمىگەن ھالدا يېتىشىپ قالدىڭىز. لېكىن يېتىشكەنـ ـدىن كېيىن، سىز يەنە بايا ماڭا ئەگىشىپ كېلىۋېتىپ ئويلىغان خىياللىرىڭىزنى ئۇنتۇلۇپ قالدىڭىز. سىز ئەسلىي ماڭا يېتىشىۋېـ ـلىپلا مېنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىمنى، ئۆيۈمنىڭ نەدىلىكىنى سورايتتىڭىز. مېنى بەك چىرايلىقكەنسىز، بەك كېلىشكەن قىز ـ كەنسىز دەپ ماختايتتىڭىز. ئاندىن بىر رېستوراننىڭ ياكى توخۇ قورۇمىخانىسىنىڭ ئايرىمخانىسىغا باشلاپ مېھمان قىلاتتىڭىز. بىز ئاززاقتىن قىزىل ھاراق ئىچەتتۇق. سىز مېنى زورلاپ تۇ ـ رۇۋالاتتىڭىز... سىز مەندىن توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقىمنى، يۇ ـ رۇۋاتقان يىگىتىمنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورايتتىڭىز. كېيىن... كېيىن ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى قولتۇقلىشىپ بىر ئالىي مېھمانخانىغا كىرىپ كېتەتتۇق... سىز شۇ چاغدىمۇ قاتتىق ئىك ـ كىلىنىش ئىچىدە قالاتتىڭىز. مېنى كوچىغا چىقىپ قالغان، كىملا ئۇچرىسا، كىملا بىر تەخسە قورۇما ئېلىپ بەرسە كەينىدىن پالاقلاپ كېتىۋېرىدىغان، قويىدا يېتىۋېرىدىغان بۇزۇق قىزمىكىن دەپ ئويلاپ قالاتتىڭىز. مەندە ئەيدىز كېسىلى بارمىكىن دەپ قالاتتىڭىز تېخى. شۇنىڭ بىلەن مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي دەپلا ياتاقتىن

چىقىپ كېتىپ غايىپ بولۇپ كېتەتتىڭىز... قانداق مېنىڭ دېگەنلىرىم توغرىمۇ - خاتامۇ؟ سىز مۇشۇنداق ئۆيلاردا بولدىڭىزمۇ - ياقمۇ؟

قىزغا قاراپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم. خۇددى ئۇ پەرىشتىدەك، سېھرىگەردەك مېنىڭ ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بىلىۋالغانىدى.

— سىز... سىز ئادەممۇ ياكى...

قىز جاراڭلىق كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى.

— مەن ئادەم بولماي ئەمىسە نېمىكەنمەن؟ مېنى جىن - شايا- تۇن كۆرۈپ قالمايۋاتقانسىز؟

— ياق، ياق، ئەمدى دەيمىنا... سىز خۇددى مېنىڭ يۈرىكىمدەك، مېنىڭ كۆڭلۈم، مېنىڭ كاللامدەك، مېنىڭ ئىچىمدىكىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىۋاپسىز، شۇڭا...

— بۇنچىلىك ئىشنى ھازىر مەن ئەمەس، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بىلىۋالالايدۇ. بىر تولغان يىگىت قاراڭغۇ كوچىدا بىر قىزغا تىكىلىپ قاراپ كەتسە، تېخى ئۆزىچە يوقىلاڭ سوئاللارنى سوراپ گەپ قىلىپ كەينىدىن ئەگىشىۋالسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلىدە مەن يۇقىرىدا دېگەنلەردىن باشقا يەنە قانداق ئوي - خىياللار بولماقچى ئىدى؟ ئوغۇل بالا بولسىڭىز، يوشۇرماي دەپ بېقىڭە قېنى. سىز شۇنداق خىياللارنى قىلدىڭىزمۇ - يوق؟

— مەن... مەن قىلغان. مەن راستىنلا شۇنداق خىياللارنى قىلغان!

— ھەببەللى. مانا ئەمدى ئازراق ئوغۇل بالىغا ئوخشىغىلى تۇردىڭىز. ئەمدى دەڭە، باياتىندىن بېرى ئويلىغانلىرىڭىزنى قىلىپ بېقىشقا جۈرئىتىڭىز بارمۇ؟

— سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز...

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ھازىر بەك كەچ بولۇپ سوغۇق

تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ھەر ئىككىلىمىزنىڭ قورسىقى ئاچتى. بىز بىرەر پىنھان ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى. ئاندىن...

يۈرىكىم گۇپۇلدەپ سىيلىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا قىز پۈتۈنلەي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ماڭا قىلچىلىك پۇرسەت بەرمەيۋاتاتتى. شۇ تۇرقىدا نېمە دېسەممۇ ياق دېمەيدىغاندەك قىلاتتى. قىز تەشەببۇسكار بولغانچە كۆڭلۈمدىكى گۇمان ۋە ئەندىشە بارغانچە كۈچەيمەكتە ئىدى. «بىر نېمىلەرنى دەپ بۇ قىزدىن ئاستا قۇتۇلاي. قارىغاندا بۇ قىز مەن ئويلىغاندەك ئۇچىغا چىققان... ئىسىت مۇشۇ چىراي، مۇشۇ تۇرۇق بىلەن شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىچە...»

— مانا مەن دېمىدىممۇ، سىز دېگەن ئۇچىغا چىققان توخۇ يۈرەك، قورقۇنچاق ئادەم. سىزدەك ئادەملەر ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. ھا... ھا... ھا...

ئۇنىڭ كۈلكىسى جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ مېنى قاراپ تۇرۇپ مەسخىرە قىلىۋاتاتتى. ئۇ شۇ تاپتا كۆزۈمگە كېلىشكەن، لاتاپەتلىك، چىرايلىق قىز ئەمەس، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى جەددال، يالماۋۇز بولۇپ كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى...

ئۆزۈمچە پۈتۈن بەدىنىم شۈركىنىپ، مېنى قاتتىق تىترەك بېسىپ كەتتى. خۇددى ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپلا بىر قاراڭغۇ ھاڭغا ئەكىرىپ كېتىدىغاندەك، مېنى قانداقتۇر بىر جىن - شاياتۇنلارنىڭ ئارىسىغا باشلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇرۇپ قالدىم.

ئەتراپ گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. سوغۇق سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. شۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلەلمەي مېڭەم چىڭقىلىپ چاراسلاپ كېتىۋاتاتتى. «نېمە دەپمۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئەگەشكەندىمەن. ئىست، ئەمدى تۇگىشىدىغان بولدۇم. بىز ئەمدى شەھەردىن خېلى يىراقلاپ كەتتۇق. بۇ ئەتراپتا چوقۇم ئۇنىڭ تونۇشلىرى بار. ئەگەر مەن ئۇنىڭ گېپىگە ئۇنىمىسام ئۇ ۋارقىرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەرەپ - تەرەپتىن تونۇشلىرى يۈگۈرۈپ

چىقىدۇ ـ دە، مېنى قوناق سوققاندەك ئۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تو ـ نۇشلىرى چوقۇم تەمبەل، سېمىز بىر نېمىلەر. ئۇلارغا ھەرقانچە قىلساممۇ، كۈچۈم يەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا يالۋۇرۇشنى باشلايمەن. ئۇلار مېنى مەسخىرە قىلىشىپ خىرىلداپ كۈلىشىدۇ.

— ئەمىسە ياخشىلىقچە يېنىڭدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى چىقار!

— ماقۇل، ماقۇل، مانا، مانا...

— ھۇ دىۋانە. مۇشىنچىلىك پۇلۇڭغا نومۇس قىلماي بىزنىڭ غوجايىنىمىزنىڭ كەينىگە چۈشكەنمۇ؟ ئۇرۇڭلار بۇ نائەھلىنى! ئۇرۇپ پۇت ـ قولىنى سۇندۇرۇپ، پىيىنى قىرقىۋېتىڭلار. ئىككىنچىلەپ باشقىلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىغا كۆز قىرىنى سېلىشقىمۇ پېتىد ـ نالمايدىغان بولسۇن!

— خوپ!

— ئۇنداق قىلماڭلار، ئۇنداق قىلماڭلار، سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئادەم بولۇپ قالاي، مېنىڭ ياشىنىپ قالغان بىر ئانام بار ئىدى. مەن مېيىپ بولۇپ قالسام، ئانامنى باقىدىغان ئادەم يوق. مەن ئادەم بولدۇم، ئىككىنچىلەپ باشقىلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىغا كۆز قىرىمنى سالمايمەن، ھەرگىز شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەي ـ مەن... ماڭا رەھىم قىلىڭلار!

— ئايالىڭ، بالا ـ چاقىلىرىڭ يوقمۇ؟

— يوق. مەن تېخى ئۆيلەنمىگەن. مېنىڭ بۇ دۇنيادا ئاشۇ قېرى ئانامدىن باشقا ھېچنېمەم يوق.

— ھۇ يارىماس، مۇشۇ ھالىڭغا قىزلارغا پوخورلۇق قىلىمەن دېگۈچە... بوپتۇ، بۇ قېتىم سېنى كەچۈرۈۋېتەيلى. ناۋادا ئىككىن ـ چىلەپ مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، پۇت ـ قولۇڭنى سۇندۇرۇپ، پىيىڭنى قىرقىپ ھېلىقى بىر نېمەڭنى كېسىۋېتىمىز، ئاڭلىد ـ دىڭمۇ؟!

— ئاڭلىدىم، ئاڭلىدىم غوجام، ئىككىنچىلەپ بۇنداق ئىش قىلمايمەن، ھەرگىز!

— كۆزۈمدىن يوقال!...»

— كېسەللىكىڭىز بارمۇ - قانداق؟ نېمانداق ئۆزىڭىزچە بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ، ئالدىمدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋالىسىز؟ قوپۇڭ، ھەرقانچە ئىش بولۇپ كەتسىمۇ ئەر كىشى ئايال كىشىنىڭ ئالدىدا تىزلانسا بولمايدۇ، قوپۇڭ!

كۆزۈمنى ئاچسام قىزنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن. قىز يۇمشاق، ئىسسىق بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىمنى تاراپ ماڭا گەپ قىلىۋېتىپتۇ. ئۆزۈمچە شۇنداق يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى.

— قوپۇڭ، بىز بىر يەرگە كىرىپ تاماق يېگەچ ئالدىرىماي پاراڭلىشايلى. سىزنىڭمۇ ئىچىڭىزدە ماڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىڭىز بار ئوخشايدۇ. مېنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان بەك جىق گەپلىرىم بار.

قىزنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك مۇلايىم ۋە مېھرلىك ئىدىكى، ئەمدى كۆزۈمگە بىراقلا پەرىشتىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

بىز قول تۇتۇشۇپ ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردىكى بىر كىچىك ئاشخانىغا كىردۇق. ئاشخانا شۇنچىلىك ئىسسىق ۋە تىنچ ئىدى. ئاشخانىدا ئىككى كۈتكۈچى قىز بىلەن بىر غوجايىن ئايالدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇلار بىزنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. بىز بۇلۇڭ تەرەپتىكى بىر ئۈستەلگە بېرىپ بىر - بىرىمىزگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل قارىشىپ ئولتۇردۇق. قىز پەلتوسىنى سېلىپ، ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئېسىپ قويدى. قىز ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق ئىدى. چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ يۈزلىرى مەرمەردەك پارقىراپ، كۆزلىرى ئوتتەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا ئوتتەك ئىشتىياقى بىلەن قاراپ تاتلىق كۈلەتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن، كۈلۈشلىرىدىن يۈرىكىم ئويناپ كېتەتتى.

— قارىسام بەك ئاق كۆڭۈل، باغرىڭىز بەك يۇمشاق يىگىتكەنسىز، نېمە ئىش قىلىسىز؟

— ئۆيىمىز مۇشۇ شەھەرگە يېقىن بىر يېزىدا. دېھقانچىلىق

قىلىمىز، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا ۋە قىش كۈنلىرى شەھەرگە كىرىپ ئىشلەيمەن.

— ئۆيىڭىزدە كىملەر بار؟ سىز توي قىلغانمۇ؟

— ئۆيدە ئەللىك ياشتىن ئاشقان بىر ئانام بار. مەن تېخى توي قىلمىغان.

— بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— يىگىرمە بىرگە.

— ھە، مۇنداق دەڭ، مەندىن ساق ئىككى ياش كىچىككەنسىز.

— نېمە سىز....؟

— مەن بۇ يىل ساق يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىردىم. ئىككى ياشقا كىرگەن بىر ئوغلۇم بار.

— نېمە، سىز توي قىلغانمۇ؟ سىزنىڭ بالىڭىز بارمۇ؟

ئۆزۈمچە ئىچىم شۇنداق ئاچچىق بولۇپ كەتتى. يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرىنى بىر نېمىلەر رەھىمسىزلىك بىلەن غاجىلاشقا باشلىدى.

— ھە...ي. مەن بىر قېتىم توي قىلغان. لېكىن... لېكىن...

قىز لەۋلىرىنى بوشقىنا چىشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غىلىلدە ياش پەيدا بولدى.

— لېكىن نېمە بولدى؟

— لېكىن ئېرىم بىز توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىنلا بىر قېتىملىق تاسادىپىي قاتناش ھادىسىسىدە قازا قىلىپ كەتتى.

تۇرۇپلا قىزغا شۇنداق ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. قىز لەۋلىرىنى چىڭ ـ چىڭ چىشلەپ ئوتلۇق كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچاتتى.

— كەچۈرۈڭ، مەن بۇنى بىلمىگەچكە...

— ھېچقىسى يوق...

— ئۆيىڭىزنى قاغىلىقتا دەۋاتاتتىڭىز، بالىڭىز شۇ يەردە تۇرامدۇ، سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟

— شۇنداق، بالام قاغىلىقتا ئانامنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ، مەن بۇ

شەھەرگە كەلگىلى تېخى ئىككى ئايچە بولدى. بىر شەخسىي شىر-
كەتتە ئىشلەۋاتىمەن.
— نەدە يېتىپ - قوپۇۋاتىسىز... مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم...
— مەن ئىشلەيدىغان شىركەتنىڭ يېنىدىلا بىر ئىجىزلىق ئۆي-
نى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتىمەن.
— ھە... ئەمدى بىلدىم، راست ئۇ يەر تىنچمۇ؟
— قانداق دەيسىز؟
— ئۆزۈمچە، ئۆزۈمچە سورىغىم كېلىپ... مۇنداقلا...
— مەندىن ئەنسىرەۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟
— بۇنى سىز قانداق بىلىۋالدىڭىز؟
— سىزنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىز چىرايىڭىز بىلەن
كۆزلىرىڭىزدىن چىقىپلا تۇرىدىكەن. سىز بەك كۆيۈمچان، باغرى-
ڭىز بەك يۇمشاق، كۆڭۈلچەك يىگىتكەنسىز. بۇنداق ئادەملەر ئا-
سانلا باشقىلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاسان زىيان
تارتىدۇ.
قىز ماڭا قاراپ تاتلىققىنە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقى
ئادەمنىڭ جانلىرىنى قاخشىتىۋېتەتتى.
— يۈرۈڭ، مەن سىزگە ياتىقىمنى كۆرسىتىپ قوياي. بۇنىڭدىن
كېيىن ۋاقتىڭىز چىققاندا كېلىپ يوقلاپ تۇرارسىز، — دېدى قىز
بىز تاماق يەپ بولۇپ سىرتقا چىققاندا ئاستىلا كېلىپ مېنى مەھ-
كەم قولتۇقلاپ. قىزدىن مەن ئۆمرۈمدە پۇراپ باقمىغان شۇنداق
بىر مەززىلىك پۇراق گۈپۈلدەپ پۇراپ، ئۆمرۈمدە ھېس قىلىپ
باقمىغان شۇنداق بىر ئىللىق، تاتلىق سېزىم پۈتۈن بەدىنىمنى
غۇژژىدە تىترىتىۋەتتى. مەن باشقىچىلا بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. بو-
شىشىپ كېتىۋاتاتتىم، ئۆزۈمنى سەزمەيلا قىزغا تېخىمۇ چىڭ،
تېخىمۇ مەھكەم چاپلىشىپ قېلىۋاتاتتىم.
سىرت بەك قاراڭغۇ ھەم بەك سوغۇق ئىدى. لېكىن مەن شۇ
دەقىقىلەردە ھېچنېمىنى ئويلىيالمايتتىم. ھېچنېمىنى سېزەل-

مەيتتىم. خىيالىمدا بۇ قىز بىلەن مەڭگۈ مۇشۇنداق مېڭىپ ئۆتۈپ
كەتسەمكەن دەپ ئويلاپ قېلىۋاتاتتىم. لېكىن تۇرۇپلا ئۇنىڭ بىر
قېتىم توي قىلغانلىقىنى، بىر بالىسىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ كۆڭ-
لۈم شۇنداق يېرىم بولۇپ كېتەتتى. قىز مېنى ئۆزىگە تېخىمۇ
مەھكەم تارتىپ، پات - پاتلا چوڭ - چوڭ تىنىپ قويۇپ، ئاستا
ماڭاتتى. «ئەگەر قىزغا ئىككىمىز توي قىلايلى دەپ تەلەپ قويسام
ئۇنارمۇ؟ ناۋادا ئۇناپ قالسا، بۇ مېنىڭ توي قىلىدىغان قىزىم دەپ
ئۆيگە ئاپارسام، ئانام نېمە دەپ قالار؟ ئانام ئۆزۈڭدىن ئىككى ياش
چوڭ، بىر قېتىم توي قىلغان، بىر بالىسى بار خوتۇننى ئېلىپ
قانداق قىلاتتىڭ، دەپ قايناپ كېتەرمۇ ياكى قىزنىڭ چىرايىغا
قاراپ باشقا گەپ قىلماسمۇ؟... قىزنىڭ ياتىقىغا بارغاندا نېمە ئىش
بولار؟ ناۋادا قىز بۈگۈن بەك كەچ بولۇپ كەتتى، مۇشۇ ياتاقتا يې-
تىپ ئەتە چىقىپ كېتىڭ دېسە... ياتاقتا ئىككىمىز يالغۇز بولغان-
دىكىن... ئۇ مېنى كارىۋاتتا يېتىڭ، مەن سافادا ياتاي دېسە... ياق،
ياق، بۇ گەپكە مەن ھەرگىز ئۇنىمايمەن. مەن ئوغۇل بالا بولغاندى-
كىن، مەن سافادا، ئۇ كارىۋاتتا يېتىشى كېرەك... ئۇ كىيىملىرىنى
سېلىۋېتىپ، ئىچ كىيىملىرى بىلەن ياتسا... ئۇنىڭ ئىچ كىيىملى-
رى بىلەن تۇرغاندىكى ھالىتى تېخىمۇ چىرايلىق بولۇشى مۇم-
كىن... ئۇ چاغدا... ئۇ چاغدا... مەنمۇ، ئۇمۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە
ئۇخلىيالمايمىز... ئالاھەزەل تۈن تەڭلەر بولغاندا بەرداشلىق بېرىپ
بولالماي، مېنى يېنىغا كېلىپ يېتىشقا چاقىرسا... ئۇنىڭ قۇچى-
قى، ئۇنىڭ باغرى چوقۇم ئوتتەك قىزىق، قۇياشتەك ھارارەتلىك...
ئۇ مېنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن سىلىسا... مەن ئۇنىڭ باغرىدا
ئېرىپ ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ...»

— توختا، بۇ كېچىدە بۇ قىزنى نەگە ئاپىرىسەن؟

تۇيۇقسىز ئالدىمىزدا ئۇستىخانلىق ئىككى ئەر پەيدا بولۇپ
قالدى. مەن چۆچۈپ ئەسلىمگە كەلدىم. قىز مېنى تېخىمۇ بەكرەك
قۇچاقلاپ، ماڭا تېخىمۇ يېقىن چاپلاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ نازۇك بە-

دىنى ياپراقتەك تىترەيتتى. ئۆلارنىڭ گەپ ـ سۆز، تۆرقىدىن ئېـ. غىر مەستلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ــ سەنلەر نېمە قىلىشماقچى؟ بۇ مېنىڭ توي قىلماقچى بولغان قىز دوستۇم، قانداق؟

مەن شۇنداق دەپ قىزنى «قورقماڭ» دېگەن مەنىدە ئۆزۈمگە تېـ. خىمۇ يېقىن تارتتىم.

ــ ها... ها... ها... توي قىلماقچى بولغان قىز دوستۇم ـ دە، ياخشى، بەك ياخشى، ئۇنداق بولسا بۈگۈن كەچ بۇ قىز بىزگە لازىم. سەن هايات قالاي دېسەڭ، قىزنى بىزگە بېرىپ، ئاستا يولۇڭغا ماڭ، بولمىسا...!

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز بوي بىرى شۇنداق دەپلا قىزغا قولىنى ئۇزاتتى. قىز «ئانا» دەپ بىر چىرقىراپلا مېنى مەهكەم قۇـ. چاقلىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ بەكلا قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، بەـ. دىنى لاغىلداپ تىترەپ تىنىقى ئىتتىكلەپ كەتكەنىدى.

ــ قورقماڭ، هەرگىز قورقماڭ، بۇ نېمىلەر بىزنى هېچنېمە قىلالمايدۇ!

مەن قىزنىڭ قولىغا شۇنداق دەپ پىچىرلىدىم ـ دە، قىزنى ئارقامغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، هېلىقى ئېگىز بويلۇققا قاراپ ئېتىلدىم. ئادەم ئاچچىقى كەلگەندە، خورلۇققا ئۇچرىغاندا مۇشۇنداق كۈچـ. تۈڭگۈر بولۇپ كېتەمدۇ ـ قانداق، ئاتقان تۈنجى مۇشتۇم بىلەن هېلىقى ئېگىز بويلۇق ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى. ئاڭغىچە يەنە بىرى يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا كىچىكرەك تىغدەك بىر نەرسە بار ئىدى. ئۇ قولىدىكى تىغنى كەلسە ـ كەلمەس شىلتايتـ. تى. مەن قېچىپ تۇرۇپ، پۇرسەت كەلتۇرۇپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى تېپىۋېدىم، ئۇ «ۋايجان» دېگىنىچە ئىزىدا ئولـ. تۇرۇپ قالدى. هېلىقى ئېگىز بويلۇقى تېخىچە ئۈن ـ تىنسىز مىدـ. دىرلىماي ياتاتتى.

ــ بولدى، ئەمدى بولدى قىلىڭ، بىز يولىمىزغا ماڭايلى، ــ

دېدى قىز مېنىڭ قوللىرىمغا ئېسىلىۋېلىپ.

— ئاۋۇ ئاداش ئۇن - تىنسىز يوقاپ كەتتى، ئۆلۈپ قالمىسۇن بىكار، مەن بېرىپ يۆلەپ قوياي، ئاندىن ماڭايلى.

ھېلىقى ئىككىمىز بويلۇقنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ يەنە بىرىنىڭ يېنىغا باردىم.

— قانداق، بىر يېرىڭ بەك ئاغرىۋاتامدۇ؟ ماڭالامسەن؟

— ھېچقىسى يوق. سەن كېتىۋەر، خېلى يۈرەكلىك، نوچى نېمىكەنسەن، بەزى يىگىتلەرگە ئوخشاش ھەيۋىمىزدىن قورقۇپ قىزنى تاشلاپ قېچىپ كېتەمدىكىن دېسەك...

— ئەر كىشى دېگەن ئۆلۈپ كەتسىمۇ قىز - ئاياللارنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىقى كېرەك. يېنىدىكى قىز - ئاياللارنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدىغان خۇمىسلارمۇ بارمۇ تېخى؟ ھۇ لەنەتكەردىلەر. ئۇنداقلار ھەر ئىككىلا دۇنيادا قارا يۈز بولىدىغۇ تايىنلىق!

— ھازىر ئۇنداقلار بەك جىق، ئۇكام. بىز بۇ كوچىدا ئۇنداقلارنى بەك جىق ئۇچرىتىمىز. سەن خېلى نوچى، مەرد يىگىتكەنسەن. قىز دوستۇڭنى ئېلىپ مېڭىۋەر. بىزگە ھېچ ئىش بولمايدۇ. خۇدايىم سىلەرنى مەڭگۇ بىر - بىرىڭلارغا سادىق قىلغاي!

قىز ئەمدى ماڭا تېخىمۇ بەكرەك چاپلىشىۋالغانىدى.

— سىز راستىنىلا بەك قالتىسكەنسىز. مەن ھەقىچان ئۇلارغا مېنى تاشلاپ بېرىپ قېچىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم!

— نېمە دېدىڭىز؟ مەن مۇنداقراق تۇرسام - زە، مېنى لايپاس، لۆم - لۆم ئادەم كۆرۈپ قاپتىكەنسىز - دە، مەن سىزگە دەپ قوياي، مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۇنداق ئىشنى مەڭگۇ قىلمايمەن، بىلدىڭىزمۇ؟!

— خاپا بولماڭ، مەن دەسلەپتىكى تۇرقىڭىزنى، ماڭا گەپ قىلغاندىكى ھېلىقى ھالىتىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ...

— سىزگە دېسەم، ئەرلەرنىڭ نوچىسى قىز - ئاياللارغا، ئۆزىدىن ئاجىزلارغا نوچىلىق قىلمايدۇ. ئۇلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قى-

لىدۇ. پو ئاتمايدۇ. ئېغىر ـ بېسىق يۈرىدۇ. لېكىن تۇترۇقسىز، شاللاق ئادەملەرچۇ؟ ئۇلار گەپنى چوڭ قىلىدۇ ـ يۇ، ۋاقتى كەلـ-گەندە مۇشۇكتىنمۇ قورقۇپ، ھەممىنى تاشلاپ ئۆزىنى دالدىغا ئا-لىدۇ!

قىزنىڭ ياتىقى ھەقىقەتەن پاكىز، ئىسسىق ھەم خۇشبۇي ئى-دى. ياتاققا كىرگەن ئادەم ئۆزىنى گويا بىر غايىۋى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك سېزەتتى. ياتاقتىكى ھەممە نەرسە پارقىراپ تۇراتتى. ھەممە نەرسىدىن خۇشبۇي ھىد گۈپۈلدەپ تۇراتتى.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ. ئاۋۇ سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ!

قىز پەلتوسىنى سېلىپ، بۇلۇڭدىكى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويدى.

— مەن سىزگە چاي دەملەپ بېرەي، قانداق چاي ئىچىسىز؟

— بولدى، بەك كەچ بولۇپ كەتتى. سىزنى ئاۋارە قىلماي. مەن ئەمدى ئاستا كېتىۋالاي.

قىز ماڭا قاراپ شۇنداق تاتلىق كۈلۈپ قويدى. ئۇ باشقا گەپ قىلمايلا شىرە ئۈستىدىكى چاي قايناتقۇچتىن مىس چەينەككە چاي قۇيۇپ يېنىمغا كەلدى. ئۇنىڭ جىمىكى ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك سىلىق، شۇنچىلىك يۇمشاق ئىدى.

— سىز مۇشۇ كېچىدە نەگە كەتمەكچى؟ ئەجەبا بۇ ياتاق سىزگە ماس كەلمەمدىكەن؟

— ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس. شۇ سىزگە ياخشى بولماسمىكىن دەپ...

بىز چاي ئىچكەچ يەرگە قارىشىپ ئولتۇراتتۇق. كۆزلىرىمىز پات ـ پات ئۇچرىشىپ قالاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئادەم-نى مەست ـ ئەلەس قىلغۇچى سىرلىق ئۇچقۇن چاراسلاپ يېنىپ تۇراتتى. قاشتېشىدەك سۈپسۈزۈك چىرايى قىزىرىپ تېخىمۇ نۇر-لىنىپ كەتكەندى.

— مېنىڭ بايا ئاشخانىدا دېگەن گەپلىرىمگە ئىشەندىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، ئىشەندىم، مەن سىزنىڭ ھەرقانداق گەپلىرىڭىزگە ئىشىنىمەن!

— نېمىشقا؟

— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ئىش قىلىپ، ئۆزۈمچە سىزگە ئىشىنىپ قالدىم.

— لېكىن مەن سىزنى ئالدىدىم!

— قانداق قىلىپ؟

— يالغان گەپ قىلىپ.

— ماڭا قانداق يالغان گەپ قىلدىڭىز؟

— مەن بۇ يىل يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىردىم، بىر قېتىم توي قىلدىم، بىر بالام بار دەپ!

— بۇ... بۇ...

— ئەمەلىيەتتە مەن بۇ يىل تېخى ئەمدى ئون سەككىزگە كېتىۋاتىمەن. توي قىلىش ئەمەس، توي قىلىشنى ئويلىشىپمۇ باقمىدىم!

— نېمە، سىز....؟

— ئىشەنمەمسىز؟

— ئىشىنىمەن، ئىشىنىمەن... لېكىن بۇ...

— مەن سىزنى نېمە دەيدىكىن، پەيلىدىن يېنىۋالامدۇ ياكى يېنىۋالمامدۇ دەپ سىناپ شۇنداق دەپ قويغان.

— مېنى نېمىشقا سىناپ باقتىڭىز؟

— چۈنكى مەن... مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىز بىلەن توي قىلغۇم بار!

— بۇ... بۇ...!

— راست، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن سىزنى راستتىنلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مەن سىزنى ئاشۇ ئەتراپتا ھەر كۈنى كۆرەتتىم. سىز ماڭا ھەر كۈنى شۇنداق تەلمۈرۈپ قاراپ كېتەتتىڭىز. لېكىن گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتىڭىز. بىراق مەن سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزدىن ھەقىقىي ئەركەكلەرگە خاس بولغان بىر خىل ئوتلۇق مېھىر -

مۇھەببەتنى، سەمىمىي ـ ساداقەتنى كۆرەتتىم. سىزنى بەزىدە كىـ يىملىرىڭىز لاي ـ توپىغا مىلەنگەن، چىرايىڭىزدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان ھالەتتە كۆرۈپ سىزگە شۇنداق ئىچىم ئاغرىپ كېـ تەتتى. لېكىن يېنىڭىزغا بېرىپ گەپ قىلىپ ھال ـ ئەھۋالىڭىزنى سوراشقا پېتىنالمايتتىم...

قىزنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىيتتى. ئۇ لەۋلىرىنى پات ـ پاتلا چىڭ ـ چىڭ چىشلەيتتى.

ــ لېكىن سىز مېنى تېخى تولۇق چۈشەنمەيسىز. مەن سىزگە ماس كەلمەيمەن. مەن دېگەن قارا دېھقان، جېنىمنى ئاران ـ ئاران ئېتىۋاتقان كۇنلۇك ئىشلەمچى... كېيىنچە قىينىلىپ قالسـ ڭىز مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن...

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، ئادەملەرنىڭ بەخت قارىشى ئوخشمايدۇ. بەزىلەر پۇل ـ مېلى قانچە كۆپ بولسا، ئۆزلىرىنى شۇنچە بەختلىك دەپ قارىشىدۇ. بەزىلەر مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۆزلىرىنى شۇنچە بەختلىك دەپ قارىشىدۇ. لېكىن مېنىڭ بەخت قارىشىم باشقىچە، يەنى سىزدەك ۋىجدانلىق، ئىمانى بار ئەركەك ىگ.. ىلە... قىلىپ، ئۆمۈربويى بىر ـ بىرىمىزگە سادىق بو ـ نى ھۆرمەتلەپ، جاپا ـ مۇشەققەت، ھۇزۇر ـ ۇپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ـپ ياشىساقلا، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت دەڭـە. سىز ماڭـا مەڭگۈ سادىق بولالامسىز؟ مېنىڭ قەدىر ـ قىممىتىمنى مەڭگۈ قىلالامسىز؟ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، جاپا ـ مۇشەققەتتە مەڭگۈ بىرگە بولالامسىز؟!

ــ ناۋادا سىزلا ماڭا سادىق بولسىڭىز مەن چوقۇم، چوقۇم سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلالايمەن، چوقۇم!

ــ ئاھ، مەن ئاخىرى ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان خىيالىمدىكى يىگىتنى تېپىۋاپتىمەن. خۇدا، خۇدا ساڭا مىڭلاپ، يۈز مىڭلاپ رەھمەت!

قىز ئۆزىنى باغرىمغا ئاتتى. مەن ئۇنى چەكسىز مېھرىم بىلەن

مەھكەم قۇچاقلايتتىم...

ماشىنىنىڭ قاتتىق تورمۇز قىلغاندىكى چىقىراق ئاۋازى بىلەن تەڭ خىيالىم بۆلۈندى. كۆز ئالدىمدا ـ مەندىن يېرىم قەدەم نېرىدا بىر كىچىك ماشىنا كۈچلۈك نۇرلىرىنى يورۇتۇپ گۈرۈلدەپ تۇراتتى.

ــ ھەي ئۆلگۈڭ كەلگەنمۇ سېنىڭ، نېمانداق قارىغۇدەك يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىپ...

گەپ قىلمايلا ماشىنىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتىم. شوپۇر يەنە نې-مىلەرنىدۇر دەپ غۇتۇلداپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەتتى.

بۇ چاغدا ھېلىقى قىز ئاللىقاچان ئىشىك بېشىدىكى لامپا كۇن-دەك يورۇپ تۇرغان يوغان دەرۋازىلىق بىر ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغان بولۇپ، ئۇ شۇ تۇرقىدا ياشقىنە بىر ئەر، ئىككى كىچىك بالا، بىر ياشانغان ئايال بىلەن قىزغىن كۆرۈشمەكتە ئىدى.

ــ نېمىشقا بۈگۈن كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىزگە بالدۇرراق خە-ۋەر قىلىۋەتمىگەنسىز؟ يولدا قىينالغانسىز؟ سوغۇقتا توڭغانسىز ھەقىچان. يۈرۈڭ، يۈرۈڭ ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى!

ــ سىزنى بەك سېغىندۇق ئانا، تېخى ئاخشام چۈشىمىزگە كىر-رىپ قاپتىكەنسىز.

يېۋالامدۇ ياكى يې-

ــ مەنمۇ سېغىندىم ئوماقلىرىم، ئەمدى س

ئايرىلمايمەن.

ئۇلار كىرىپ كەتتى. يوغان دەرۋازا تاراقلاپ يېپىلدى. سەل تۇ-رۇپ ھېلىقى لامپىمۇ لاپپىدە ئۆچتى.

ئەتراپ گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ نەگە بېرى-شىمنى بىلمەيتتىم. ھېلىقى دەرۋازىغا ھەسرەت، ھەسەت ۋە زەھەر-دەك بىر خىل ئاچچىق بىلەن قاراپ قويدۇم ـ دە، ھارغىن قەدەم-لەر بىلەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدۇم...!

2008 ـ يىلى، قەشقەر ـ يوپۇرغا

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿不都许库尔·伊敏
责任编辑：古丽努尔·阿布都肉苏力
　　　　　阿不都外力·阿不都瓦伊提
特约编辑：阿布来提·居马土谱热克
责任校对：努丽曼·卡德尔
封面设计：海米旦·塞达力木
制　　版：麦尔甫·吾布力

**蝾螈之火**（维吾尔文）
（短篇小说）
阿布都纳斯尔·优努斯　著

新 疆 人 民 出 版 总 社
新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32 开本　5.625 印张
2013 年 5 月第 1 版　2013 年 5 月第 1 次印刷

ISBN978－7－5466－1265－2（民文）　定价：18.00 元

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : خەمدە ئەسەد ئالىم



ISBN 978-7-5466-1265-2

9 787546 612652 >

定价：18.00元